# مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قانۇن ۋە جىنايەت تۇغرىسىدا ئېيتقانلىرى



شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K)

# مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قانۇن ۋە جىنايەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەكبەر جاپپار

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K)

**图书在版编目(CIP)数据**

名人关于法律和犯罪的名言：维吾尔文/艾克拜尔·加帕尔编．—乌鲁木齐：新疆科技卫生版社(K)，2000.9

ISBN 7－5372－2452－8

Ⅰ.名... Ⅱ.艾... Ⅲ.①法律－格言－汇编－世界－维吾尔语(中国少数民族语言) ②犯罪学－格言－汇编－世界－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.D9

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 57573 号

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇرسۇن يۇسۇپ
مەسئۇل كوررېكتورى : زەيتۇنگۇل ئەزىز
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئالىپ شاھ

**مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قانۇن ۋە جىنايەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №21 ، پوچتا نومۇرى : 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى شىنشى باسما ئىشلىرى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 787×1092 مىللىمېتىر ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 3.875
2000 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1 —— 5000
ISBN 7－5372－2511－7/D·4
باھاسى : 6.50 يۈەن

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

نەچچە مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا قانۇن - يوسۇندىن ئىبارەت بۇ قورال ئىنسانلار هايات سەپىرىنىڭ ماياكى بولۇپ كەلدى. ئۇلار قانۇننى دۆلەت باشقۇرۇش ۋە ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تۈزدى ۋە شۇ ئارقىلىق رەزىللىك ۋە جىنايەتنى توسۇشتا ئۈنىمدىن بۇيرۇق سۈپىتىدە پايدىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بۇ قائىدە - تۈزۈم تىنچلىق ۋە ئادالەتنى قوغداشنىڭ بىردىنبىر قورالىغا ئايلىنىپ، ئەمىنلىك دەۋرىنىڭ يېتۈك ناخشىچىسى بولۇپ قالدى. نەتىجىدە، ئىنسانىيەت گۈزەل تەبىئەت قوينىدا ئاجايىپ تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى شاھىنشاھلار، سىياسىي ئەربابلار، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلەر، ئەدىب - يازغۇچىلار، قانۇنشۇناسلار . . . قانۇن - تەپەككۇر مېۋىلىرىنى ئەقىل - پاراسەت دەرىخىدە پىشۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق پايدىلىنىشى ئۈچۈن سوۋغا قىلدى. جۇملىدىن مەنمۇ ئازغانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش مىنۇتلىرىدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى هېس قىلدىم، چوڭقۇر ئىزدەندىم. شۇنداقلا هازىرغا قەدەر

ئۇيغۇرچە قانۇن ۋە جىنايەت توغرىسىدا مەخسۇس بىر ھېكمەتلەر توپلانغان كىتابنىڭ يوقلۇقىغا خاتىمە بېرىش مەقسىتىدە ئوقۇغان كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ «مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قانۇن ۋە جىنايەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» دېگەن بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىدىم .

كىتابنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا جاپالىق ئەمگىكىمنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ ھەر خىل ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن دوستلىرىمغا ، ياخشى تەكلىپ پىكىرلەرنى بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى روزى ئىسمائىلغا ۋە «ئەدلىيە كەسپى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئابلىز تالىپ قاتارلىق يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن .

مېنىڭ بۇنداق كىتابنى نەشرگە تەييارلىشىم تۇنجى ئىش ، تەجرىبەم كەم ، ۋاقىت قىس بولغاچقا ، بۇ كىتابتا بەزى يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدى پىكىر بېرىشلىرىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن .

# مۇندەرىجە

قانۇن ۋە قانۇنچىلىق ھەققىدە.................... 1
جىنايەت ۋە جازا ھەققىدە...................... 23
خاتالىق ۋە يامانلىق ھەققىدە..................... 31
قىمارۋازلىق ، ھاراقكەشلىك ، چېكىملىك ئەيش -
ئىشرەت ھەققىدە........................... 65
ئەمەلدارلار ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار ھەققىدە 70
پارىخورلۇق ۋە ھاراملىق ھەققىدە.................. 80
ئالدامچى ، يالغانچى ، ھەسەتخور ۋە خۇشامەتچى ھەققىدە
.......................................... 87
ئادىل سوت ۋە سوتچى ھەققىدە.................. 96
تۆھمەت ۋە گۇۋاھچى ھەققىدە.................... 99
غەزەپ ، ئادالەت ۋە ھەقىقەت ھەققىدە.......... 102
جاھالەت ، ياۋۇزلۇق ۋە زوراۋانلىق ھەققىدە ... 111
زالىملىق ۋە ئادەم تەربىيىلەش ھەققىدە......... 115

# قانۇن ۋە قانۇنچىلىق ھەققىدە

دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇش كېرەك.

جياڭ زېمىن

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىمىزنىڭ خەلقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى تۈپ ئومۇمىي تەدبىرى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي ۋە ئىلغارلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، دۆلەتنىڭ ئەبەدى ئامانلىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

جياڭ زېمىن

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئۆزىگە بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشغا كاپالەتلىك قىلىش ــ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە خاس ئەڭ كەڭ ئەمەلىيەت.

جياڭ زېمىن

ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، بار قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش

پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى .

جياڭ زېمىن

قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ ، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش ، رەھبىرى كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك .

جياڭ زېمىن

قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ئوبدان يولغا قويۇپ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ، قانۇن كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىنمۇ زۆرۈر .

جياڭ زېمىن

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە — كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭىنى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتۇر .

جياڭ زېمىن

يۇقىرالارنىڭ قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى ، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىشى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى .

جياڭ زېمىن

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە

جەزمەن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى جەھەتتىن تۇتۇش قىلىپ ، ھەم قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ، قانۇنچىلىقنى ئۈزلۈكسىز ساغلاملاشتۇرۇش ، ھەم قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ساپاسىنى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك .

جياڭ زېمىن

قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ئوبدان يولغا قويۇپ ، بارلىق يۇقىرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش — سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئۇل قۇرۇلۇش ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى .

جياڭ زېمىن

سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنى كېرەك قىلمايدىغان دېموكراتىيە ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كېرەك قىلمايدىغان دېموكراتىيە ، ئىنتىزام ۋە تەرتىپنى كېرەك قىلمايدىغان دىمكوراتىيە ھەرگىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەمەس .

دېڭ شياۋپىڭ

مۇھىم نۇقتا ـ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ، لېكىن ئومۇملىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت .

دېڭ شياۋپىڭ

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ ، دېموكراتىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى

قانۇن ، نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ ، دېموكراتىيىگە دائىر بىلىملەرنى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ دېموكراتىيە ساپاسىنى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك .

جياڭ زېمىن

دېموكراتىيە ، قانۇنچىلىق ئەمەلىيىتى بىلەن دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭىنى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز كېرەك .

جياڭ زېمىن

قانۇن ساغلام بولمىسا ، تۈزۈمدە ئېغىر دەرىجىدە يوچۇق بولسا ، يامان ئادەملەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدۇ ، ياخشى ئادەملەرمۇ ياخشى ئىش قىلىشقا پىتىنالماي ئامالسىز قالىدۇ . بىرقەدەر ساغلام ۋە مۇكەممەل قانۇن ، تۈزۈم بولغان تەقدىردىمۇ ، ئەگەر كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ئاجىز ، ئىدىيىۋى ، سىياسىي ساپاسى تۆۋەن بولسا ، ئۇ قانۇن ۋە تۈزۈم ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ ، كىشىلەرنىڭ رىئايە قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ ـ دە رول ئوينىيالمايدۇ ، ھەتتا قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ .

جياڭ زېمىن

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ ، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ ، قانۇن چىقىرىش ، قانۇن ئىجرا قىلىش ، ئەدلىيە ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەرە

نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ .

جياڭ زېمىن

خەلق دېموكراتىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، چوقۇم قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش كېرەك . دېموكراتىيىنى تۈزۈمگە ، قانۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەككى ، بۇ تۈزۈم ۋە قانۇنلار رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ۋە دىققەت ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بولسۇن .

جياڭ زېمىن

دېموكراتىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش كېرەك . كەڭ دېموكراتىيە بولمىسا بولمايدۇ ، مۇكەممەل قانۇنچىلىق بولمىسىمۇ بولمايدۇ .

دېڭ شياۋپىڭ

قانۇنچىلىقنى تەكىتلەش كېرەك ، ھەممە ئادەم قانۇننى بىلىدىغان بولسۇن ، بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلماستىن ، بەلكى قانۇننى پائال قوغدايدىغان بولسۇن .

دېڭ شياۋپىڭ

ئىككى قولدا تۇتۇش دېگىنىمىز ، بىر قولدا قۇرۇلۇشنى ، بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش دېگەن سۆز . پارتىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىنتىزامى ، دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنى بولىدۇ .

دېڭ شياۋپىڭ

قانۇنچىلىق كۆز قارشى كىشىلەرنىڭ مەلۇماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ياشلارنىڭ مەلۇماتىنىڭ بەك تۆۋەن بولۇشى

ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشى ، ھېچنىمىدىن تەپ تارتماسلىقىدىكى بىر سەۋەب .

دىڭ شياۋپىڭ

قانۇن دائىرىسىگە كىرىدىغان ، ئىجتىمائىي ئىشلار دائىرىسىگە كىرىدىغان مەسىلىلەرنى قانۇنچىلىق تەربىيىسى ۋە ئىجتىمائىي تەربىيىنى كۈچەيتىش يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك .

دىڭ شياۋپىڭ

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەمئىيەتنىڭ ئىلغارلىقى ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىكىنىڭ بىر مۇھىم بەلگۈسى ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشىمىزدىكى مۇقەررەر تەلەپ .

جياڭ زېمىن

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش ئىقتىسادنىڭ ئۇدا ، تېز ، ساغلام رىۋاجلىنىشىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشتا ، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

جياڭ زېمىن

دېمكوراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈلۈك ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى .

دىڭ شياۋپىڭ

دېموكراتىيىنىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك ، قانۇنچىلىقنىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك ، بۇ ئىككىسى خۇددى ئىككى قولغا

ئوخشايدۇ . بۇ ئىككى قولنىڭ ھېچقايسىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ .

دېڭ شياۋپىڭ

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، ئاساسي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە ئىش قىلغاندىلا ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ .

دېڭ شياۋپىڭ

قانۇن — ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى چېگرادۇر .

ف . بېكون

قانۇن — ئادالەت ، ئادالەت — قانۇندۇر .

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

قانۇن بولمىغاندا ، جىنايەت زېمىنىنىڭ ھەممىلا يېرىگە گويا ئىستەك تاراپ كەتكەن بولاتتى .

مەشرەپ

قانۇن بىر تەخسە گۇرۇچ تامىقى ئەمەس ، ھاپىلا - شاپىلا يەۋالىدىغان ياكى بىر رومكا هاراق ئەمەس ، بىراقلا ئىچىۋېتىدىغان . ئۇ - بويسۇنمىساڭ بولمايدىغان كۈچ .

تۇرغان توختەموف

خەلق قانۇننى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھىمايىچى ، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى سېپىل سۈپىتىدە ھىمايە قىلىشى لازىم .

گېراكلىت

سەن قانۇننى سۆيسەڭ ، قانۇن سېنى خۇددى ئاناڭدەك ئاسرايدۇ .

مەشرەپ

قانۇننى ھىمايە قىلمايدىغان، جۇرئەتسىز ئادەملەر ئۇچۇن قانۇن پايدىسىزدۇر.

ت. ماكولىي

قانۇننى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگۈچى، مەجبۇرلىغۇچى كۈچ بولمىسا ئۇ قانۇن بولمايدۇ.

ج. گارفىلىد

قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان ئادەمدەك ياۋۇز ئادەم بولمىسا كېرەك.

ژ. ساۋۇنارالا

قانۇن ئىنساني دانالىقنىڭ يۇكسەك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئادەملەر توپلىغان تەجرىبە، شۇڭا، ئۇ جەمئىيەت پاراۋانلىقى يولىدا ئىشلىتىلىدۇ.

س. جونسۇن

قانۇنغا بويسۇنماسلىق — ئۆزىنى نىجات بەخش ئەتكۈچى ھىمايىچىدىن چەتكە ئالغانلىق دېگەن سۆز. چۇنكى قانۇن بىزنى باشقىلاردىنلا ئەمەس، ئۆزىمىزدىنمۇ ئاسراپ تۇرىدۇ.

گ. گېيني

قەيەردە قانۇن تۈگىسە شۇ يەردە زورلۇق - زوراۋانلىق باشلىنىدۇ.

ئو. پىنت

پۇقرا ۋە ئەل ئىشلىرىنى قانۇن ئەمەس، بىقىندۇرغۇچىلار، باشلىقلار ۋە سودىيەلەر باشقۇرىدىغان يۇرتنىڭ جېنىغا ۋاي! ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىنى تەڭداشسىز دانىشمەن دەپ بىلىدۇ، ئاقىۋەتتە «قاسساپ كۆپ بولسا قوي ھارام بولىدۇ».

م. ئى. كوتوزوۋ

قانۇن پاناسىدا بىرلەشكەن ئادەملەرنىڭ ئۆز ئالدىلىرىغا قويغان مەقسەتلىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئايرىم شەخسلەر تەرىپىدىن قىلىنىدىغان زوراۋانلىق ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلار شۇ يول بىلەن ئىجتىمائىي ھاكىمىيەت قۇرىدۇ.

گ. مايلى

قانۇنلار يامان ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، ياخشىلىققا يول ئېچىشى كېرەك.

تېتسېرون

قانۇن ھەممە كىشىگە باب ـ باراۋەر بولۇشى كېرەك.

ش. مونتېسكىي

قانۇن كىچىك پاشىلار چۈشۈپ، چوڭلىرى قۇتۇلۇپ كېتىدىغان تور ئەمەس.

ئۇ. بالزاك

ئىمتىياز ـ قانۇننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.

م. ئەبنېر ـ ئەشېنباخ

پۇقرالارنىڭ ھوقۇق باراۋەرلىكى شۇنىڭدىكى، ئۇلار قانۇنغا بىر خىلدا ئېتىقاد قىلىشلىرى لازىم.

ژ. دالامبېر

مەن ئۈچۈن قايسى تەرەپ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتى يوق، مۇھىمى ھوقۇق كىم تەرەپتە ئىكەنلىكىدە.

ۋ. گيوگو

ئۆزى قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغان ئادەممۇ باشقىلار ئۈچۈن قانۇن چىقىرىشى مۇمكىن.

گ. س. سكوۋورودا

ئەڭ ياۋۇز زوراۋانلىق — قانۇن سىياسىيغا

يوشۇرۇنۇۋېلىپ ، ئادالەت بايرىقى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بېرىشتۇر .

ش . مونتېسكيې

يامان قانۇنلار زوراۋانلىقنىڭ ئەڭ ناچار كۆرۈنۈشىدۇر .

ئېي . بېرك

ناتوغرا قانۇنچىلىق قۇمدىن توقۇلغان ئارغامچىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ، ئۇنى ئەشمەكچى بولساڭ ھە دەپلا چېچىلىپ كېتىشىنى دانا ئادەملەر بىلىدۇ .

ر . ئېمېرسون

ياخشى قانۇنلارنى ھۆرمەت قىلىش ، تېتىقسىزلىرى بولسا بىكار قىلىش ياكى ئۆزگەرتىش كېرەك .

م . رۇسىنبېك

قانۇن قىسقا بولۇشى كېرەك ، تاكى ئۇنى ئاددىي ئاممىمۇ يادلىۋالسۇن .

سېنېكا

قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئاشۇرۇۋېتىش ، قانۇنسىزلىققا ئايلىنىشى مۇمكىن .

تېرېنتسېي

قانۇننى ئۆگەن ، ئۇ ساڭا داغدام بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ماۋ زېدۇڭ

قانۇن — ھەققانىيەتنى قوغداپ ، رەزىللەرنى جازالايدىغان ئۆتكۈر قورال .

رامبۇ

ئەڭ ئالىي قانۇن شۇكى ، مالنى ئىشلىتەلەيدىغان ئىگىسىگە بېرىش كېرەك .

گ . تورو

بىلىملىك شاھ ئەلنى قانۇن بىلەن باشقۇرسا، ئەل بەختلىك بولىدۇ.

ئەبۇ نەسىر فارابى

دىلىمىزدىكى قانۇن ۋىجدان دەپ ئاتىلىدۇ. ۋىجدان ئەسلىدە ئىش ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ دىلىمىزدىكى قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇشىدۇر.

سېنېكا

قانۇن — ئەركىنلىكنىڭ تەربىيىلىگۈچىسى.

ت. سېموت

ئەگەر سىياسىي ۋە قانۇن ساھەسىدە بەخت قۇشىنى قوندۇرىمەن دېسىڭىز، گرامماتىكىنى چۈشەنمىسىڭىز بولمايدۇ.

مانتا گىلاھان

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، ئادەم بىلەن ئىدارە قىلىشتىن ئەۋزەل ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك.

ئارىستوتېل

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش دېگەنلىك — خەلقنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى خەلقنى قانۇن بىلەن قوغداش دېگەنلىكتۇر.

يې مىڭ

مۇستەبىتلىك دۆلەتتە قانۇن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ئۇنداق دۆلەتتە سوتچىنىڭ ئۆزى قانۇن ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋال ۋە شارائىتتا ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتكۈچىلەرنى تۈزەشنىڭ كۈچلۈك ھەقىقىي ئۇسۇلى — زورلۇق كۈچكە زورلۇق كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇش.

لوك

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل مەنىسى بار : ئۇ بولسىمۇ تۈزۈلگەن قانۇنغا بويسۇنۇش كېرەك . ئىككىنچى بىر جەھەتتە ، كۆپچىلىك بويسۇنماقچى بولغان قانۇن ياخشى قانۇن بولۇشى كېرەك .

ئارىستوتېل

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ، ئادىل بولۇش ، ئادىل سوت ئارقىلىق ئادالەتسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەش لازىم .

دەي شۆ

قانۇنلار قانۇنى ۋىجداندۇر .

ئا . لا . لابارتىن

قەيەردە قانۇن ئاجىز بولسا ، شۇ يەردە بىگۇناھلار خارلىنىدۇ .

ئەھمەد يۈكنەكى

تەرتىپ — مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . قانۇن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشتا كەم بولسا بولمايدۇ .

ۋايېن . ۋ . دىسېر

ھەرقانداق دۆلەتتە قانۇن - تۈزۈم ھەققانىيەتنى ياقلاش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ .

ۋايېن . ۋ . دىسېر

قانۇننىڭ كۆزى باردۇر كۆرىدىغان ، قۇلىقى باردۇر ئاڭلايدىغان .

مۇھەممەد ئاللايار بالاساغۇن

ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى ئاز ساندىكى مۇستەبىتلەرنى خۇش قىلماستىن ، بەلكى جەمئىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىشى كېرەك . بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن

ئاشكارا ئېلان قىلىنغان قانۇننى يولغا قويۇش كېرەك .
لوك

يېزىلمىغان ئايرىم قانۇنلار يېزىلغان ھەممە قانۇنلارغا قارىغاندا مۇستەھكەمدۇر .

سېنېكا

دىلىمىزدا ياشايدىغان قانۇن ۋىجدان دەپ ئاتىلىدۇ . ۋىجدان ئەسلىدە ئىش - ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ شۇ قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىشىدۇر .

ئى . كانت

قانۇنچىلىق كۆزقارىشى ، كىشىلەرنىڭ ساپاسى ، مەلۇماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ھازىر شۇنچە كۆپ ياشلارنىڭ ساپاسىنىڭ شۇنچە تۆۋەن بولۇشى - ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشى ، ھېچنىمىدىن تەپ تارتماسلىقىدىكى بىر سەۋەب .

دېڭ شياۋپىڭ

قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم ئىش — تەربىيە بېرىش ، تۈپ مەسىلە — ئادەملەرنى تەربىيىلەش .
دېڭ شياۋپىڭ

قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى بالىلاردىن باشلاش كېرەك .
دېڭ شياۋپىڭ

ياش - ئۆسمۈرلەرگە ، پەرزەنتلىرىمىزگە قارىتا مەكتەپ تەربىيىسى ، ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ ئۇنۇملۇك ھالدا قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم .

دېڭ شياۋپىڭ

مەكتەپ ، ئاتا - ئانىلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى

تەرەپلەر ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلىر پائال تۇردە زىچ ماسلىشىپ ئۇچ تەرەپلىك تەربىيىنى ئۆزئارا تولۇقلاپ ، كەڭ كۆلەملىك تەسىر كۇچىنى شەكىللەندۇرۇش زۆرۇر .

دىڭ شياۋپىڭ

ياش - ئۆسمۇرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى توغرا يولغا باشلاش ، ئەقىل - پاراسەت بىلىم بايلىقى بىلەن بېيىتىش ئۇچۇن هەر خىل ئەمەلىي قانۇن ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ، مول ، رەڭدار ، پائال ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان پائالىيەتلەرنى ، شۇنداقلا تەنتەربىيە ، سەنئەت ، كۆڭۇل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ ، ساغلام ، جانلىق ئىجتىمائىي مۇهىت بەرپا قىلىش كېرەك .

دىڭ شياۋپىڭ

ياش - ئۆسمۇرلەرنى تەربىيىلەيدىغان هەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مۇهىتىنى قاتلاممۇ قاتلام تىرىشىپ ياخشىلاپ ، ساپلاشتۇرۇپ ، قانۇن - تۇزۇم ئارقىلىق پاسسىپ ، چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشىگە قارشى تۇرۇپ ، ياش - ئۆسمۇرلەرنىڭ توغرا ئىنتىزام قارشى ، ئەخلاق قارىشى ۋە غايە قارىشىنى تىكلەشكە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك .

دىڭ شياۋپىڭ

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىكى مەلۇم باسقۇچىدا مۇنداق بىر خىل ئېهتىياج تۇغۇلغانكى ، هەر كۇنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش تەقسىماتى ۋە مەهسۇلات ئالماشتۇرۇش ئىشىنى بىر ئورتاق قائىدىگە يىغىنچاقلاپ ، شەخسلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئالماشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي شەرتلىرىگە بويسۇنىدىغان قىلىشقا توغرا كەلگەن .

بۇ قائىدە ئاۋۋال ئۆرپ ـ ئادەت بولۇپ ئىپادىلەنگەن ، كېيىن بولسا قانۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن . قانۇننىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ قانۇننى قوغداشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئورگان ، جامائەت ئورۇنلىرى ۋە دۆلەت تەبىئىي پەيدا بولغان قانۇنچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇرەككەپ ۋە كەڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ يېڭى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ زۆرۈرلۈكى كېلىپ چىقىپ ، بىر كەسىپىي قانۇنشۇناسلار قاتلىمى شەكىللەندى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قانۇنشۇناسلىقمۇ پەيدا بولدى .

ئېنگېلس

ئەخمەق ئادەملەر ھۇشىنى تاپسۇن ، دۆلەتتە قانۇن ـ تۈزۈم تۈزۈلسۇن ، قوزا بىلەن پوزىلار قېتىلىپ بىر جايدا ياشىسۇن ، بىزدىن قايغۇ كەتسۇن .

مەھمۇد قەشقەرى

مەن بۇ قانۇن ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسىنى تارىخلىق ، تارىخىي ماتېرىياللىق دېگەنگە تۈگۈنلىدىم . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەنبە بىزنى قانۇننى تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىۋاتقان بارلىق ھەر خىل خاراكتېرگە ئىگە ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ماتېرىياللار كۆپىنچە بەلگىلىك مەدەنىي سەۋىيىنىڭ باشلىنىشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يازما ماتېرىياللاردۇر . بۇ خىلدىكى ماتېرىياللار بەلكىم قەدىمىي كىتابلاردىكى ھۆججەتلەر ، دىنىي قائىدە ـ مۇراسىملار ، ئاغزاكى رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بولۇشى مۇمكىن . يىغىنچاقلىغاندا بىزنى ھازىرقى ياكى بۇرۇنقى قانۇنلارنىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيدى- غانلىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى قانۇننى تونۇشىمىزنىڭ

مەنبەسىدۇر .

هېنرى

بىزنىڭ قانۇنلىرىمىزنى ئەمگەكچى خەلقىمىزنىڭ ئۆزى تۈزگەن . ئۇ ئىنقىلابىي تەرتىپنى ساقلايدۇ . ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قوغدايدۇ .

ماۋ زېدۇڭ

قانۇن «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ، ئەڭ كەڭ ، ئەڭ پارقىراق كۈچلىرىدىن بىرى . قانۇنچىلىق كۈندىن ـ كۈنگە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق بىر «كوچا»نى «تاماشا قىلىپ چىقىش» بەكمۇ زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر .

ئەھمەد زىيائى

كونا قانۇننى يېڭى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ . بۇ خۇددى كونا قانۇنلار كونا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلالمىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش .

ك . ماركس

كونا قانۇن كونا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن تۇغۇلغان . ئۇ يەنە مۇقەررەر هالدا كونا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بىلەن بىرگە يوقىلىدۇ . ئۇلار تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىشتىن خالىي بولالمايدۇ .

ك . ماركس

دۇنياغا ئاسايىشلىق يەتتى ، چۈنكى قانۇن تۈزۈلدى . قانۇن ئۇ نامنى يۈكسەلدۈردى .

يۈسۈپ خاس هاجىپ

دۇنياغا ئادەم زاتى تۆرەلگەندىن تارتىپ ، ئىدراكلىقلار ياخشى قانۇن تۈرغۇزۇپ كەلدى .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

توغرا قانۇن تۈزۈلدى ، خەلق بېيىدى ، دەۋرنىڭ نامىمۇ ياخشىلاندى .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قانۇن تۈزگۈچى ياخشى قانۇن تۈز . يامان قانۇن تۈزگۈچى ئۆزى ئۆلگەنگە ھېساب .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بىرەرسى ئۆز زامانىدا يامان قانۇن تۈزسە ، ئۆزىدىن كېيىن يامان نام قالدۇرىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىم بولمىسۇن ياخشى بىر قانۇن تۈزۈپ قويسا ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز نامىنى تىكلىيەلەيدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قانۇنلار تۈزۈلدى ، مەملىكەت ئوڭشالدى ، ئەلنىڭ ئۇلى مۇستەھكەملىنىپ پاراغەتكە يېتىشتى .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئەلنىڭ نوختىسى ۋە غۇلىچى ئىككى نەرسىدۇر . بىرى ھوشيارلىق ، يەنە بىرى مەملىكەتنىڭ ئاساسى بولغان قانۇندۇر .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قانۇن بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ ، دۇنيا تۈزۈلىدۇ . زۇلۇم بىلەن ئەل خارابلىشىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

مال دۇنيا ئېلىشقا خەلق باي بولۇشى كېرەك ، خەلقنىڭ

باي بولۇشى ئۈچۈن توغرا قانۇن بولۇشى كېرەك .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسىبىر بەگ خەلققە قانۇن يۈرگۈزمىسە ، خەلقنى قوغدىمىسا ، تالان - تاراج قىلسا ، (ئۇ ) خەلقنى ئوتقا تىققانلىق ، ئۆلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ . بەگلىكنىڭ ئۆلىمۇ شۈبھىسىز يىقىلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

زېرەك بولۇش ۋە قانۇننى بىلىش كېرەك ، دۇنيانىڭ بارلىق زىننىتى زېرەكلىكتىن كېلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانۇن سۇغا ئوخشايدۇ ، زۇلۇم ئوتتەك بالادۇر . سۈزۈك سۇ ئېقىننىڭ ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۇڭ دۇنيا تۈزەلدى . ئەلدە ئەمدى ھېچكىم زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىز قانۇن ، ئەدەپ - قائىدىلەرنىڭ تەرەپدارى تۇرساق ، بۇ قانۇنلارنى بۇزۇش بىزگە قانداق يارىشىدۇ ؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانۇن ئۆگەنگۈچى شۇنداق دەيدۇ : بەگلىكنىڭ ئىشى قانۇن بىلەن بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانۇن - قائىدىلەرنى بىلگەن ، قانۇن قائىدىلەر بىلەن خەلقنى ئىدارە قىلغان كىشى بەك ياخشى كىشىدۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرا بول ، ئادىل قانۇن يۈرگۈز ، شۇنداق قىلساڭ

بەگلىكنىڭ ئۆزۈن پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلىك ئۆلىنى مۇستەھكەملەشنى خالىساڭ قانۇن چىقار . ئادالەت يولىنى تۇت .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قانۇننى ئادالەت ئۈستىگە ئورنات ، توغرا قانۇن بىلەن بەگلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىنچلىق ۋە قانۇن مەملىكەتنىڭ خاتىرجەملىكى ، بۇنىڭدا خەلق سەندىن خۇشال بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزۈڭ ياخشى قىل ، ياخشى قانۇننى يولغا قوي ، شۇنداق قىلساڭ ئىككىلا دۇنيادا يامانلىق كۆرمەي ياشايسەن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيانىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى مەۋجۇت بولسا ، ئادەمگە ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئۇنىڭ بەلگىسى بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قارا ، ياخشى قانۇن نىمە دېگەن ياخشى . قانۇن ـ نىزاملار بىلەن بەگلىك ئۆرە تۇرالايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرا بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرەلمىسە ، قانۇن چىقارغۇچى قانداقمۇ ئارزۇسىغا يېتىدۇ ؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىلى توغرا ، سۆزى ئىشەنچلىك بولسۇن ، ئەلگە بەخش ئاتا قىلىدىغان قانۇن چىقارسۇن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيانىڭ قانۇنى ئەنە شۇنداق ، خالىساڭ قانۇننى تۇت ، خالىمىساڭ ئۇنىڭ ئەكسىنى تۇت .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

دۇنيانىڭ قانۇن ـ قائىدىسى ئەنە شۇنداقتۇر . خەمىس سۆكۈلىدۇ ، سېخى ماختىلىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قانۇن ـ قائىدىلەر ياخشى ، مۇكەممەل تۇرغۇزۇلسا ، يامانلار ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى قويۇپ ئەلدىن يوقىلىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

توغرا قانۇن تۇزۇپ ئەلنى ئوڭشاپ باشقۇرسا ، ئەسكەر ، خىزمەتچىلەر ياخشىلىقغا ئېرىشىپ مەمنۇن بولسا ، قوشۇن توپلىسا ھاكىمىيىتى قۇدرەتلىك بولسا ، توغرا قانۇن يۈرگۈزسە ، بىلىمنى بىلدۇرسە ، بەگ ياخشى بولۇپ ئادالەت بىلەن ئىش كۆرسە ، خەلق ئۇچۇن نەقەدەر قۇتلۇق زامان بولىدۇ ـ ھە !

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىمنىڭ دۆلىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن ئۇ خەلققە ياخشى قانۇن يۈرگۈزۈشى كېرەك .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشى — كىشىلەرنىڭ پەسلىكى ، يامانلىقى ۋە نابابلىقى بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ قانۇنىنىڭ ياخشى ، مۇكەممەل بولمىغانلىقىدۇر .

ئېرۋېشىيۇ

بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئاساسەن قانۇن تۈزگەن دۆلەت — ھەقىقىي دۆلەت ئەمەس . ئۇنداق دۆلەتتە

تىلغا ئېلىنغان ئادىللىقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق .

پلاتون

ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى بېقىندى ئورۇنغا چۈشۈپ قالسا ، نوپۇزى بولمىسا ، بۇنداق دۆلەت چوقۇم ھالاك بولىدۇ .

پلاتون

بارلىق قانۇن دۆلەتنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك .

شىمسەيدۇ

قانۇن ھەممە نەرسىنى چەكلەپ تۇرۇش كۈچىگە ئىگە . ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ، دۆلەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ .

سپىنوزا

مۇستەبىتلىك دۆلەتلەردە ھېچقانداق ئاساسىي قانۇن بولمايدۇ . قانۇننى قوغدايدىغان ئورگانمۇ بولمايدۇ .

مونتىسكيۇ

قانۇننىڭ ئورنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلاردىن ئۈستۈن تۇرغاندا ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورنى قانۇندىن تۆۋەن تۇرغاندا ئاندىن دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ .

پلاتون

خاتىرجەملىكنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىككى كۈچ — قانۇن بىلەن ئەدەپتۇر .

ئى . گيوتې

قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى تىزگىنلەپ يېتەكلىگەن دۆلەت ـ ئەڭ ياخشى دۆلەتتۇر .

يى مىڭ

دۆلەتنىڭ قانۇنى ئادىللىقنى ئۆزىگە ئاساس قىلىشى كېرەك . ئەگەر ئادىللىق ئىنكار قىلىنسا ، خەلق ئىچىدە قانۇن ئۈستىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ . زومىگەرلىك جەمئىيەتنى ئىگىلەيدۇ .

ۋېن . ستەنلەي

قانۇننىڭ كۆپ ئۆزگىرىشى — دۆلەت ئۈچۈن چوڭ ئاپەت .

شېن خەنيۇ

# جىنايەت ۋە جازا ھەققىدە

شۇنچە ۋەھشىي جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆزىنى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرغان كىشىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدايمەن دېيىشكە ھېچقانداق كىشىنىڭ سالاھىيىتى يوق .

رابىسانجانى

قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ھېچكىمنىڭ ئابرۇيىنى ئاشۇرمايدۇ . ئۇ ئۆزىگە ھۆرمەتمۇ ، ئۇيقىمۇ تاپالمايدۇ .

ئا . كازبېگى

جازا بېرىشتىن ئاۋۋال ھەر دائىم گۇناھىدىن ئۆتۈشنىڭ ئىلاجى يوقمىكەن دەپ ئويلاپ كۆرۈش كېرەك .

گ . لىختىنبوگ

جىنايەت — زالىملىقنىڭ ئەۋلادى .

جىبران خېلىل جىبران

ئوق تۈز بولمىسا ، ئۇ ئوتتۇن بولىدۇ . قارام ئادەم توغرا بولمىسا ئەسىر بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەل ئىچىدە خەلققە زۇلۇم قىلىدىغانلارنى يوقات ، چەت - ياقىلاردىكى قاراقچىلارنى تازىلا .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانىنىڭ پەيلىنى جازا بىلەن تۈزەت ، يامانغا يارىشىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلىق قىلماسلىق ۋە قانۇننى بۇزماسلىق كېرەك ، يامانلىق قىلغۇچىلارغا يول قويماسلىق كېرەك .

يۈسۈپ خاس هاجىپ

بەزىلەر ئارامخۇدا ياشاشقا بېرىلىپ كېتىپ ، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشنى ، هۆكۈم قىلىشنى خالىماي ، سىڭگەن نېنىنى يەپ ئۈتۈشكىلا رازى بولىدۇ . يەنە بەزىلەر كۆڭلىدە ئۆزىگە خاس قانۇن تۈزۈۋالىدۇ . ئەمما ئاشكارا قانۇن دائىم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى راۋا كۆرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ ، هەربىر توغرا ئادەم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ . شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ھەممە ئادەم يەنە ئۆز قارارىنى چىقىرىشى كېرەك .

ۋايىن . ۋ . دىر

لاياقەتسىز ئادەملەرنى كۆپ كۆرگەنىدىم . بېشى كېسىلدى .

يۈسۈپ خاس هاجىپ

قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلىپ ، كېيىن يوشۇرۇپ كېتەمەن دەپ ئويلىما . باشقىلاردىن يوشۇرغىنىڭ بىلەن ئۆز ۋىجدانىڭدىن يوشۇرالمايسەن .

ئېيساكرات

ئادەملەر هۆكۈمنى كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن . ئەمما ئۆز هۆكۈمىڭدىن قاچالمايسەن .

ئا . س . پۇشكىن

ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش ۋە چوقۇم ئالدىنى ئېلىش كېرەك .

دېڭ شياۋپىڭ

گۇناھسىز ئادەم سۆزگە باتۇر كېلىدۇ .

سەئىدى

بەرمە ئازار كىشىگە ، قىلما ئوغرىلىق زىنھار . ئوغرى دائىم چېكىدۇ ، رەنجىش ھەمدە دىشۋار .

شارەسۇل زۇنۇن

جىنايەتنىڭ يىلتىزىنى قىرىپ تاشلىمىغاندا ، ئۇ يەنىلا بىزنى ئاۋارە قىلىدۇ .

ئەھمەد يۈكنەكى

ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ ، جىنايەتلەرگە يۈز - خاتىرە قىلماسلىق كېرەك .

چىن يۈن

باشقىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان كىشىلەرگە قارىغاندا ، ئۆزىنى ئۆزى يوقاتقانلارنىڭ سانى ئاجايىپ كۆپ .

ژ .لېپيوك

پۇل ھەممىگە قادىر دەيدىغان ئادەم ، پۇل ئۇچۇن ھەممە نەرسىنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ .

پ . بائوسىت

جاھىللىقتىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك بولماس .

ئەلىشىر ناۋائى

دۇنيادا كىشىلەرنى بەخت - سائادەتكە ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان پارلاق يولمۇ بار . كىشىلەرنى خانىۋەيرانلىققا سېلىپ ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان چىغىر يولمۇ بار .

ليۇ جاڭگۇ

زەھەرلىك ، زىيانلىق يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش جىنايىتى مۇستەقىل جىنايەت بولىدۇ .

ھ . نىيازى

ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەم تېنىنىمۇ ، روھىنىمۇ مەجرۇھ قىلىپ قويىدۇ .

سوقرات

مەرد بولساڭ ۋەتەننى قىلغىن ھىمايە ،
قان بىلەن يۇيۇلسۇن گۇناھ ـ جىنايەت .

ئوبۇلقاسىم لاھوتىي

ئۆز ۋەتىنىگە داغ تەگكۈزۈش — ئۇنى سېتىش دېگەن سۆز .

ۋ . گيوگو

شۇنداق جىنايەت باركى ، ئۇنى ئاقلىغىلى بولمايدۇ . بۇ ـ ۋەتەن خائىنلىقىدۇر .

يا . بۇئاست

جىنايەتچىلەردە قالغان يېگانە خىسلەت ۋىجدان ئازابىدۇر .

ف . ۋىلكىبىر

جازا بېرىلگەن جايدا ۋىجدان ئازابى باشلىنىدۇ .

گ . كېلۋېتسي

كىمكى يامان ئىشنى بىلسە راۋا ، ئۆز قىلمىشىدىن تارتىدۇ جازا .

خىسراۋ دېھلىۋى

ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا جىنايەتچى بولۇپ تۇغۇلمايدۇ . يوقسۇزلۇق ، موھتاجلىق ، تەمەگەرلىك جىنايەتنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر .

سەئىدى

ئادەملەر قانچىكى ئاز توپلاشقان يەردە ، جىنايەت ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ۋە ناچار ئىدىيىلەر شۇنچە ئاز

ئۇچرايدۇ . هاۋانىڭ ساپلىقى كەيپىياتنىڭ ساپ بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ئۇ . بالزاك

ساتقۇننى ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ . مېنىڭچە ھەتتا ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان چىرايىنى ساتقۇنغا ئوخشاتسا ماخاۋنى ھاقارەت قىلغانلىق بولىدۇ .

م . گوركىي

يۈگىمەچ يۈگىلىپ ئۆسىدۇ . ئۇ ئۇزلۇكسىز كۆپىيىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ، قويۇپ بېرىلسە ، ئۇ ئۆز يولىدا ئۇچرىغان ھەممە نەرسىلەرنى بوغۇپ تاشلاشقا تەييار .

م . گوركىي

باللارغا زىيان يەتكۈزۇش — ئەڭ ئېغىر جىنايەت .

لۇشۇن

تېگىشلىك جازاغا تارتىلغان جىنايەتچى — باشقا مۇتىھەملەر ئۇچۇن ئىبرەت ، ناھەق قارىلانغان ئادەم بولسا ھەممە ھالال ئادەملەرنىڭ ۋىجدانىغا ئېتىلغان تاشتۇر .

ج .لابريۈيېر

جازالاشتىن كۆرە كەچۇرۇۋېتىش مەردلىكتۇر . ئاجىز ئادەم كەچۇرەلمەيدۇ ، ئەپۇ قىلىش كۈچلۈكلەرنىڭ پەزىلىتى .

م . گاندى

جىنايەتچىگە شەپقەت قىلىش ، ھالال ئادەملەرگە زەخىم يەتكۈزۈشتۇر .

سېنېكا

كىمكى جىنايەتكە جازا بەرمىسە ، ئۇ جىنايەتچىنىڭ ھىمايىچىسىدۇر .

لئوناردو داۋىنچى

ناچار دوست جىنايەت يولىغا باشلايدۇ . ناچار دوستتىن دۈشمەن ئەۋزەل .

پ . شوئو

جىنايەت تېگى ـ تەكتىدىن ئېتىقاندا يامان ئىش . بىراق بىز شۇ يامان ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ سادىر قىلىمىز .

ستېندال

جازا — ئەخلاقسىزلارغا بېرىلگەن ئادالەت .

گ . م . لاسئو

ئۆز جىنايىتىنىڭ ئۈستىدە قاتتىق ئويلانمايدىغان بولساڭ ، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ روھىڭ يەنىلا جاۋابكار روھ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

جى يېڭ

كىمكى ئۆز قىلمىشىدىن ئويلانمىسا ، ئۇ ئىككى ھەسسە ئەيىبكاردۇر .

پوبلىلىي سىر

جىنايەتنىڭ ماھىيىتى رەزىللىكتۇر .

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

جىنايەتچى بەزىدە جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ، ئەمما جازا دەھشىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ .

سېنېكا

نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۆز ئەيىبىگە ئىقرار بولمايدۇ ؟ چۈنكى ئۇ ھامان ئۇ ئەيىپلىرىنىڭ سىرتمىقىدا بولىدۇ ، ئۇ خۇددى ئۇيقىدىكى چۈشىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندەك گەپ .

سېنېكا

ئۆز ئەيىبىگە ئىقرار بولماسلىق ، ئەيىبنى چوڭايتىش دېمەكتۇر .

ل . ن . تولستوي

پەقەت ئاجىزلارلا جىنايەت كوچىسىغا كىرىدۇ .

كۆچلۈك ۋە بەختىيار ئادەملەر ئۆتتىغا زار ئەمەس .

ف . ۋولتېر

ياۋۇز جىنايەتچىلەر ياۋۇز ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ .

ئى . ئا . گېرتسېن

ئوغرىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش - ئوغرىلىقنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ .

ف . بېكون

پۇقرالارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى نازارەت قىلىشى جىنايەتنى ئازايتىدۇ .

ئۇ . بالزاك

ئەيىب ئۈچۈن بىرىنچى جازا ۋىجدانى ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىيالماسلىق .

يو . ۋىنتا

جىنايەتكە قارىغاندا جىنايەتنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىدۇ ۋە شېھىت كەتكەنلەرنىڭ ئەرۋاھىغا ئوخشاش بۇ جىنايەت ئىككىنچىسىگە يول ئاچىدۇ .

سېنېكا

گەرچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان بولسىمۇ، كۆڭۈلگە كەلگەن جىنايەت ھامىنى جىنايەتتۇر .

سېنېكا

كىمكى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىمكانىيىتى بولۇپ تۇرۇپ ئۇنى چەكلىمىسە، ئۇ جىنايەتنى رىغبەتلەندۈرگۈچىدۇر .

سېنېكا

جازا بەرمەسلىك جىنايەتكە قارىتا چوڭ رىغبەتلەندۈرۈشتۇر .

تىستېرون

توغرا يولغا قەدەم قويۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى ئەيىبىنى ئىقرار قىلىشتۇر .

سىنىكا

ئەي يولدىن ئازغان كىشى ، بۇ دۇنياغا زادى ھېرىس بولما ، ئۇنىڭ تۈۋى پاتقاقتۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

شەھەر ـ كەنتلەردىكى ئوغرىلارنى يوقاتقىن ، مۇساپىر كارۋانلارنى ئامان يۈرىدىغان قىل .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بارلىق يوللارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلا ، قاراقچى ـ بۇلاڭچىلارنى پاك ـ پاكىز تازىلا .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلارغا قېتىلما ، قانۇننى بۇزما ، يامانلىق قىلغۇچىلارغا يول قويما .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما ، باشقىلارنىڭ مېلىنى ئالما ، زورلۇق قىلما .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئالما ، قان تۆكمە ، بۇ ئىككى گۇناھ ئۈچۈن كىشى جان چىقاردا نالە قىلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پاتقاققا كىرگەن ئادەم ئۇ يەردىن چىقالمايدۇ ، شادلىق تاپالمايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## خاتالىق ۋە يامانلىق ھەققىدە

ئېچىنىشلىق تەقدىر ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ ئەخمەقلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ل. ئالبېرت

يامانمۇ ئۆتەر، ياخشىمۇ، بۇنى بىل، سېنى ياخشى نام بىلەن ياد قىلسۇن ئەل.

سەئىدى

خاتالارغا يول قويماسلىق ئۈچۈن بەزى تەرتىپ قائىدىلەردىن چېكىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

پ. ئا. پاۋلېنكوۋ

كىمكى ناچار ئادەملەرگە خەيرخاھلىق قىلسا ئۆزىگە ئەيىب تېپىۋالىدۇ.

پولىلىي سىر

ئەركىنلىك — قانۇن يول قويغان ھەممە نەرسىلەرنى قىلىشنى بىلىش ھوقۇقى.

ش. مونتىسكىي

قارا، قايسى كىشى ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۆكۈنىدۇ، ئاتالغان يامانلار، ئاخىر قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مال يامانىنىڭ نېمىسىگە يارايدۇ. ئۇ قانچە (مال — دۇنيا) يىغسىمۇ كەمبەغەل بىلەن بىردەكتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان بىلەن دوست بولما ، ئۇنىڭدىن (ئۆزۈڭنى ) يىراق تۇت . يامان دوست سېنى يولدىن ئازدۇرىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يىلاننى قانچىكى قىلساڭ تەربىيەت ،
بىر كۈنى زەھىرىنى سالىدۇ ئەلبەت .
پەس كىشىمۇ يىلان مىجەزدۇر ،
يامان دىدارىدىن يىراق بول غايەت .

ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكى

كىشىگە يامانلىق ئىزدىگەن يامان ،
قۇرۇپ رەڭگىرويى بولىدۇ سامان .
يامانلىق كۆرمەيدۇ ئالەمدە ئەسلا ،
ھەممىگە ياخشىلىق تىلىگەن ئىنسان .

ناسىر خىسراۋ

ۋىجدان جىنايەت ۋە پەسكەشلىك سەۋەبىدىنلا سۇسلىشىدۇ .

لامىتېرى

چۈشكۈنلۈككە قاراپ ماڭغان ياش يىگىتنىڭ قىياپىتىدەك ئېچىنىشلىق نەرسە يوق .

مارك تۋېن

ئىنسان ئۈچۈن تاج كىيمەك شەرت ئەمەس ، ۋىجدان ئىگىسى بولۇشى شەرت .

ئەلىشىر ناۋائى

ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇكاپاتى بولىدىغانلىقى راست ، يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى يامانلىقتۇر .

موللا مۇسا سايرامى

ھاكىملار كۆيىدىن سەن قانائەتلەنمە ، ناكەسنى

ئۆزۈڭدىن يىگانە ئەيلە .

ناسىر خىسراۋ

تىخى ياش ئىكەنسىز گاھ خاتالاردىن . گاھ پايدىدىن خالىي ئەمەس سىز . پەقەت خاتالارنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ يۈرمىسەكلا بولىدۇ .

ئى . گيوتې

خاتالىقلارنى تەن ئالىدىكەنسەن ، ئۇنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ .

ف . لاروسفۇكو

ئادەم خاتالىششى مۇمكىن . خاتالىق مۇناپىقلىققا ئېلىپ بارمايدۇ . ھەققانىي ئىش بىرنەچچە خاتالىق بىلەن تۇگىشىپمۇ كەتمەيدۇ . كۆپىنچىسى ئۆز مۇستەھكەملىكى بويىچە ساقلىنىدۇ . مۇبادا بىرىنچى قەدەمدىن نەتىجە چىقمىسا ، ئىككىنچى قەدەمدىن چىقىدۇ .

ف . م . دوستويېۋسكىي

ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ خاتالىشىدۇ . ئۇلاردىن بەزىلىرى شۇنچىلىك كۆپ خاتالىشىدۇكى ، ئۇلارنى ھەتتا ئادەتتىكى كىشىلەر قاتارىغا قوشۇۋەتكۈڭىز كېلىدۇ .

گ . لىفىېر

ئادەم قانچە قۇدرەتلىك ، ئەخلاقىي جەھەتتە قانچىلىك يۈكسەك بولسا ، ئۆزىنىڭ زەئىپ تەرەپلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىگىمۇ شۇنچە جۈرئەت بىلەن قارىيالايدۇ .

ۋ . گ . بېلىنسكىي

ئادەملەرنىڭ زېرەكلىكى ھېچقاچان خاتالاشماسلىقتا ئەمەس ، بەلكى خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىقتا .

ك . بائۇۋى

تۈزەتكىلى بولمايدىغان ئۆششاق خاتالىقلاردىن چوڭ - چوڭ ئىللەتلەر كېلىپ چىقىدۇ .

سېنېكا

ئەگەر ئادەم ئوخشاش بىر خاتالىقنى ئىككى قېتىم تەكرارلىسا ، ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يا تۈتۈرۈقسىزلىقىنى تەن ئېلىشى ياكى قارامىلىقىنى تەن ئېلىشى كېرەك .

ج . لودىمېر

خاتالىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئاساسلاپ بېرىشكە كۆچىسە ، ھەتتا ئۇنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرسا ، چوڭ خاتالىقلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن .

ۋ . ئى . لېنىن

بىرسىنىڭ خاتالىقى باشقىلار ئۈچۈن ساۋاق .

كاۋكا

كۆڭلى بۇزۇق ھەمىشە باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەيدۇ .

سوقرات

ساختا پەزىلەتلىك كىشىلەر ئۆز كەمچىلىكلىرىنى باشقىلاردىنمۇ ۋە ئۆزىدىنمۇ يوشۇرىدۇ . ھەقىقىي پەزىلەتلىك ئادەملەر بولسا ، ئۇ خاتالىقلىرىنى ياخشى بىلىدۇ ۋە ئۇلار ھەققىدە ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۆزلەيدۇ .

ف . لاروشفوكو

كىم ئۆز كەمچىلىكلىرىنى تەن ئېلىشتىن نومۇس قىلسا ، ئۇ تەدرىجىي ھالدا تېخىمۇ نومۇسسىزلارچە چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان قەبىھلىكلىرىنىمۇ ئاقلاشقا باشلايدۇ .

گ . س . سكوۋورودا

ھەرقانداق نۇقسانلارنى ئەپۇ قىلىشقا بولىسىمۇ ، شۇ

نۇقسانلارنى يوشۇرۇش ئۇچۇن قىلىنغان نەيرەڭلىرىنى ئەپۇ قىلىشقا بولمايدۇ .

ف . لاروشفۇكو

پەمسىز كىشىلەر پەقەت ئادەملەرنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرىدۇ . پەزىلەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ . ئۇلار بەدەننىڭ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان يارا قىسمىغا قونۇش ئۇچۇن ئۇرۇنۇۋاتقان پاشىغا ئوخشايدۇ .

ئابول فاراج

ئۇ خاتالىقلىرىمىزنى تەن ئېلىشتىن چۆچۈمەسلىكىمىز ، ئۇلارنى تۈزىتىش ئۇچۇن كۆپ قېتىملاپ ، قايتا - قايتا ئەمگەك قىلىشتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك . ئەنە ئاشۇ چاغدا بىز كامالەت چوقىسىنى ئىگىلىۋالالايمىز .

ۋ . ئى . لېنىن

گەپ ھېچقاچان خاتالاشماسلىقتا ئەمەس ، ئۇنى مەردلىك بىلەن تەن ئېلىپ ، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈشىڭىزدۇر .

ۋ . گ بېلىنسكىي

خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئورنىغا تەلۋىلىك قىلىش - ھەربىر كىشىنىڭ ، جۈملىدىن مەملىكەتنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ .

ب . فرانكلىن

خاتالاشمىغان ئادەم دانا ئادەم ئەمەس ، بۇنداق ئادەملەرمۇ يوق بولۇشى مۇمكىن . ئانچە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ۋە ئۇنى دەرھال تۈزىتەلەيدىغان ئادەملەرلا دانا ئادەملەردۇر . ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ئادەملەرلا خاتا ئىش قىلمايدۇ .

ۋ . ئى . لېنىن

ھېچقانداق ئىش قىلمايدىغان ئادەملا خاتالاشمايدۇ . ھالبۇكى ئۇنىڭ ئاساسىي خاتالىقىمۇ مۇشۇ .

ئا . ن . تولستوي

شۇنداق ئادەملەر باركى ھېچقانداق ئەمەلىي پىكىرلەر بىلەن شۇغۇللانمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقاچان ئاداشمايدۇ .

ئى . گيوتې

خاتالىشىش ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن . لېكىن توغرا يول بىرلا . شۇڭا توغرا يولنى تېپىشقا قارىغاندا خاتالىشىش ئاسان . نىشانغا تېگىشكە قارىغاندا تەگمەسلىك ئاسان .

ئارىستوتېل

ئەڭ چوڭ خاتالىق ــ ئادەم ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن نۇقسانسىز دەپ ھېسابلاشتۇر .

ت . كار لېيىل

ئۆزىنى نۇقسانسىز دەپ ھېسابلاش ئېزىپ كېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى .

پ . بۇئاسىت

خاتالىشىشتىن قورقماڭ . ئۇنىڭسىز ياشىغىلى بولمايدۇ .

م . گوركىي

خاتالىقلار ئەقىل بېرىدۇ .

ل . ن . تولستوي

بىر كىشىنىڭ خاتالىقى — باشقىلار ئۈچۈن ساۋاق .

ژ . رېي

خاتالىقلىرىڭ ۋە ئاداشقان يوللىرىڭ ئۈچۈن ئەجەبلەنمە . ھەرقانداق نەرسە ساڭا ئۆز خاتالىقلىرىڭنى چۈشىنىشىڭدىن ئارتۇق ساۋاق بېرەلمەيدۇ . ئۆز - ئۆزۈڭنى تەربىيىلەش

دېگەن مانا شۇ .

ت . كارلېيىل

دائىم خاتالىشىشتىن قورقۇپ ئېسەنگىرەپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىلا ھاياتتا يول قويۇشقا بولمايدىغان ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر .

ئە . خاببارد

كىم ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە غەيرەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ ، ئۆز خاتالىقلىرىنى تۈزەتسە ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى يەڭسە ، ئۇ شەخسىي كامالەتتە يۈكسەك چوققىلارنى ئىگىلىيەلەيدۇ .

ئە . تېلمان

ھەقىقەت ئېقىنى ئۆزىنىڭ خاتا چىرايىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ .

تاگور

ئەقىللىق كىشىلەر دېگەن خاتالاشمايدىغان كىشىلەر ئەمەس . خاتالاشمايدىغان كىشى بولمايدۇ ۋە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ، شۇنىڭ بىلەن بىللە خاتالىقنى ئوڭاي ۋە چاپسان تۈزىتەلەيدىغان كىشىلەر ئەقىللىق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ .

ۋ . ئى . لېنىن

ئەدەپ ئەڭ مۇھىم ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ بىرى . بۇ خىسلەتنىڭ يوق بولۇش سەۋەبىدىنلا كۆپىنچە ئەڭ چوڭ گۇناھلار كېلىپ چىقىدۇ .

سۇقرات

خاتالىقنى ئىمكانقەدەر ئازراق ئۆتكۈزۈش ئىنساننىڭ مىزانى . خاتالاشماسلىق پەرىشتىنىڭ خىيالى ، پانىي دۇنيادا

ھەرقانداق ئادەم خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ .

ھىيكو

خاتالىقنى ھەممە ئادەم سادىر قىلىدۇ . دۆت ئادەم خاتالىقتا چىڭ تۇرىدۇ .

لاتىن

ئەگەر سەن بارلىق خاتالىقلارنى ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالدۇرساڭ ، ھەقىقەتمۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدا قالىدۇ .

تاگور

چوڭ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمىگەن ھېچكىم ئۇلۇغ ياكى مۇنەۋۋەر ئىنسان بولالمايدۇ .

ۋ . گلادستۇن

بىمەنە نۇختىئىنەزەر — خەتەرلىك جىنايەت تۇغدۇرىدۇ .

روئى

ھاياتتا ئوشۇقى ئالچا چۈشكەن ئادەملەر - بىلىنى مەھكەم باغلاپ ، ئۆزلىرىگە كېرەكلىك تاسادىپىيلىقلارنى ئىزدىگەن كىشىلەردۇر .

ب . شوئو

ياشلىق دەۋرىدە ئۇستۇنلۇككە ئىنتىلىش ئەسلىدە نورمال ئەھۋال بولسىمۇ ، لېكىن ھەرقانداق شەيئى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ھامان ئۆزىنىڭ ئەكسى تەرىپىگە ئۆزگىرىدۇ .

جى يىڭ

يامانلىق ھەرقاچان يامان قوللايدۇ . سەۋەبى ئۇلاردا نومۇس بولمايدۇ .

ئىزدېموپ

خاتالىق بىلەن ھەقىقەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. ئادەم خاتالىقتىن ھوشىنى تاپسا يېڭى كۈچ بىلەن ھەقىقەتكە قاراپ ماڭىدۇ.

ئى. گيوتې

بىرەرسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا شۇنى نەزەردە تۇتۇش كېرەككى، جېدەل ئاخىر بېرىپ دوستلۇققا ئايلانسۇن.

دىئورار

نومۇسنى ساتقانلىق بىلەن بېيىغىلى بولمايدۇ.

ل. ۋوۋېنارگ

دۇنيادا خاتالىشىشتىن ئەنسىرەشتىنمۇ ئارتۇق خاتالىق يوق. ئادەملەر ئۆز بەختىنىڭ خوجايىنى ئەمەس. بەلكى قۇلىدۇر. ئەگەر ئالدىنقىسى راست بولىدىغان بولسا، دۇنيادا ھېچكىم بەخت ئۈچۈن كۈرەشمىگەن بولاتتى.

ئو. زۇنۇن

ياخشىغا قۇچاق ئاچ، ياماندىن نېرى قاچ.

ئەھمەد يۈكنەكى

سارىنىڭ زەخملەنگەن قانىتىنى داۋالىساڭ، ئۇنىڭ ياۋۇز تىرناقلىرىغا جاۋابكار بولۇپ قالىسەن.

ۋ. گيوگو

ئىجتىمائىي قانۇن، ئىنتىزام، تەرتىپ نورمىلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى بىل، دۇنيادىكى ئەڭ ئىنسانپەرۋەر قانۇنلارغا ئىتائەت قىلىشنى بىلىش ئەركىنلىكنىڭ ئالىي ئىپادىسىدۇر.

ۋ. ئى. سوخوملىنىسكىي

يامانلار بىلەن ئاشىنا بولغان ئادەم، ئاشۇ يامانلارنىڭ ئەسىرىدۇر.

ت. درايزېر

ئەبلەخلىق قىلىپ تۇرۇپ ھەممىنى قايىل قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلىما .

م . گوركىي

ھەقىقىي نومۇس ئەگرىلىككە تاقەت قىلالمايدۇ .

گ . فىلدىڭ

پۇقرالار ئۇچۇن سىياسىي ئەركىنلىك روھى — خاتىرجەملىكتۇر . ئۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە ئىشىنىدۇ .

ش . مونتېسكىي

باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەي تۇرۇپ ، ھەممە نەرسىلەرنى قىلىش ھوقۇقى — ئەركىنلىكتۇر .

م . كلائوردوس

ئەيىبكار بولماسلىق ئۇچۇن مىڭ ھەسسە توغرا بولۇش كېرەك .

ئو . بالزاك

ئادەمنى ھېچقانداق نەرسە پاك بولمىغان ۋىجداندەك ئازارە قىلمايدۇ .

روتتېر دامىسكى

ئۆچ ئېلىش گويا چىڭگىلىكنىڭ ئۆزى ، ياۋايى جانلىقنىڭ مەھسۇلى . ئۆچ ئېلىشقا يۈزلەنگەنلەر قانۇن ۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن جازالىنىشقا تېگىشلىك .

جى يىڭ

رەزىللەر ئەڭ شەپقەتسىز كېلىشتۈرگۈچىلەردۇر .

م . گوركىي

يۈكسەك قەتئىي نىيەت ئەينى چاغدا يۈكسەك ھىممەت . ھېچقانداق نەرسە ھەددىدىن زىيادە ھىممەتتەك يامانلىقنى

جانلاندۇرالمايدۇ .

ۋ . شېكىسپىر

كىمكى مۇتەھەملەرگە ئىلتىپات كۆرسىتىدىكەن ، ئىككى خاتاغا يول قويىدۇ ، بىرىنچىدىن ، ياردەمگە ئەرزىمەيدىغان ئادەمگە ياردەم بېرىدۇ . ئىككىنچىدىن ، ئۆزىنىمۇ خەتەرگە دۇچار قىلىدۇ .

فىدىر

ياشلىق ئاجايىپ نەرسە ، ئۇنى شامالغا سورۇۋېتىش جىنايەت .

پ . شوئو

يامانلىق ئۇرۇقى چاچقانىكەنسەن ، ياخشىلىق مېۋىسى ئالىمەن دېمە .

كۇتىرو

كىمكى چوڭ بەختسىزلىك پەيتلىرىدە ۋەتەنگە جان پىدا قىلىشتىن باشقا خىياللاردا بولىدىكەن ، ئۇنىڭ ئازاد دۆلەتتە ياشاش لاياقىتى يوق .

ف . كىلىنگىر

خەلق پاراۋانلىقى يولىدا ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللارنى ئىزدەش ۋە ئامالىنىڭ بارىچە ۋەتەنگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىش كېرەك .

ن . ئا . كرىلوف

خەلققە ياردەم بېرىپ پايدا كەلتۈر ، زىيان سالما ، ئىش ـ ھەرىكىتىڭ ياخشى بولسۇن ، يامانلارنىڭ زىيىنىنى يوقات .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرنىڭ يامىنى ئەقىل تاپسا تۈزۈلىدۇ . خەلق

ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق بىلىم بىلەن بېسىلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ياخشى نام بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ ، يامان نام چىقارغانلار ئۆلگەندە قارغىش تاپىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسى نەرسە قىلغىڭ ئۇ ئەگرى بولىدۇ ، ئەگرى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يامانلىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يۈرۈش - تۇرۇشتا توغرا بول ، خاتالىق سادىر قىلما ، دىلىڭ ۋە تىلىڭنى كىچىك تۇت ، چوڭ سۆزلىمە .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار باش كۆتۈرسە ، ياخشىلار يوقىلىدۇ . ياخشىلار گۇمران بولسا ، يامانلار ئارىدىن كېتىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىق يۇقىرىغا چىقىشتەك ئېغىر ئىشتۇر ، يامانلىق تۆۋەنگە چۈشۈشتەك ئېرىشمەك ئاساندۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەدەپ - قائىدىنى بىلمەيدىغان ئەقىلسىز كىشى ئەدەپ - قائىدىلىك كىشىنى كۆرسە ھاڭ - تاڭ قالىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ نامىڭ ماختىلىدۇ ، يامان بولساڭ سۆكۈلىسەن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەلققە باشچىلىق قىلىپ قانۇن بىلەن ئەلدە داڭقى چىقارغان كىشى نېمە دەيدۇ ، ئاڭلا .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلارنى يېقىن يولاتما زىيىنى تېگىدۇ . ياخشىلار بىلەن سەگەك ياشا .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىدۇ ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۈشمىنىڭگە بىخۇد بولما ، يېقىنلاشما ، نېرى تۇر .
دۈشمەننى سەن بىخۇدلاشتۇرۇپ ، ئۇنى تورغا چۈشۈر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۈشمەننى سىناپ كۆرمەن دېمە ، ئۇنى زور ھەيۋەتلىك بىل .

تاياق تۇتقان دۈشمىنىڭگە تۆمۈر قالقان ئىشلەت .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دائىم كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى خالىساڭ ، ياخشى قىلىقلارنى قىل ، يۈزۈڭنى يورۇق تۇت .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانغا قوشۇلما ، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق بول ، بۇ ئىككى قىلىق كىشىنىڭ يۈزىنى قارا قىلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار قامچا يەپمۇ تۈزەلمىسە ، ئۇزۇڭنى ئىمكانقەدەر ئۇلاردىن قوغدا .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىدىتلىق ئادەم يامانلارغا ئارىلاشمايدۇ ، بىلىملىكنىڭ قىلغان ئىشى توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قەيەردە ئىناقلىق ـ يېقىنلىق بولسا ، شۇ ئىشتا

مەنپەئەت بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەن ساڭا ئادالەت بىلەن كۈچ بېرەي ، بۇ يەردە شاد - خۇرام كۈلۈپ ياشا .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى كىشى خەلققە مېھرىبان بولىدۇ . مېھرىبان بول ، ياخشى ئادەم بولغىنىڭ شۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەر ھالال دۇنياغا ئىگە بولسا ، ئىككى دۇنيالىقتا يېمەك - ئىچمەككە ئېرىشىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان يولداشقا يېقىنلاشما ساڭا زەرەر كەلتۈرىدۇ ،
يامانلىق يىلاندۇر دىققەت قىل سېنى چاقىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرگە زىيانلىق تىلىمە ئۆزۈڭمۇ زىيان سالما ، پەقەت ياخشىلىق قىل ، ھاۋايى - ھەۋەستىن ئۆزۈڭنى باس .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي قولى ئۇزۇن زات يامانلار قىلىقىنى ئۆزلەشتۈرمە ، يامان قىلىق ئىككى دۇنيا نالە قىلدۇرىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك ، خەلقنىڭ مالىمانچىلىقىنى سىياسەت باسىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى كىشى يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ ، يارىماسلارغا قوپاللىق قىلمايدۇ ھەم يېقىنلاشمايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلار بۈگۈن قانچىلىك ھۇزۇرلانسىمۇ ، ئەتىكى

كۆندە ئۆكۈنۈش بىلەن ئازاب چېكىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلىق قىلسا ، يامانلىقنىڭ جاۋابى ئۆكۈنۈش بولىدۇ ، قولۇڭدىن كەلسە ياخشىلىق قىل (ياماندىن )ئۆچ ئال .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەسكىلىك ، پەسكەشلىك ، جاھىللىقنىڭ ھەممىسى يامانلارنىڭ ئادىتىدۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى كۈنلىرىنىڭ ھالاۋەتلىك ئۆتۈشىنى خالىسا ، ئۇنىڭ ئامالىنى توغرىلىقتىن ئىزدىسۇن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار خارلانغانلىقى ۋە كەمسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ، ياخشىلارغا كۈن بەرمەيدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمكى ياخشىلىقنى خالىسا ياخشىلىق قىلىدۇ ، خارلاش ۋە كەمسىتىشكە پىسەنت قىلمايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلىق بۈگۈن پايدىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ ، ئۇ ئەتە زىيان كەلتۈرىدۇ ، بۇنى پاراسەت بىلەن ئوقۇغىن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشىلىق ئوڭ بولسا يامانلىق سولدۇر ، سولدا دوزاخ ، ئوڭ تەرىپىڭدە جەننەت بار .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرا بول ، دۇرۇس ھەرىكەت قىل ، شادلىق توغرىلىق ئىچىدە بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ياخشى ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى تىلىكىنى تاپىدۇ ، ياماننىڭ غېمى كۈندە مىڭلاپ ئاشىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەرقانداق تۈز نەرسە پۈكۈلسە تېـــك تۇرمايدۇ، يىقىلىدۇ.

قايسى نەرسە توغرا بولسا يىقىلماي مەزمۇت تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مېنىڭ قانۇنىيىتىم قايسى ئەلگە يېتىپ بارسا، ئۇ ئەل قۇرام تاشلىق يەر بولسىمۇ ئاۋاتلىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلىق ۋە ئۇنى قىلغۇچىلار قەدىرسىزدۇر، ياۋۇز ئىشمۇ قەدىرسىزدۇر، ئۇ يامانلىق ئېلىپ بارىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمكى بۈگۈنكى شادلىقىنى تىلىسە، ئۇ يامانلىـــق قىلىدۇ، كېيىن قايغۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىز كەمچىلىكلەرنى كۆرسەتكۈچى كىـــشـــلەردىن مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەك.

پ. پاسكال

ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمە، تىلىڭنى يىغ. ئاغزىڭ ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى

يامانىنىڭ يېشى قىسقا، ئۇ پۇشايمان بىلەن قېرىيدۇ. ياخشىلىقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئۇ پۇشايمانسىز يۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قارا، مېنىڭ ئادىتىممۇ ئېگىلمەس توغرىدۇر، ئەگەر توغرىلىق ئېگىلسە قىيامەت بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادەم ئۆزىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشى كېرەك، ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا توغرا يولدىن

ئېزىپ، پاتقاقتا پېتىشى تۇرغانلا گەپ.

ك. لىكنېخت

بالىلارنىڭ گۇناھىمۇ، خىزمەتلىرىمۇ كۆپ تەرەپلەردىن ئاتا - ئانىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.

ئا. س. ماكارىنكو

ياخشىلىق نەچچە يىل ياشىسىمۇ قېرىمايدۇ.
يامانلىق قانچە پەرۋىش قىلساڭمۇ تۈزەلمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان يولدا يۈرگەن تەربىيىسىز پەرزەنت ئارتۇقچە ئۆسكەن بارماققا ئوخشايدۇ، ئۇنى كېسىپ تاشلىماقچى بولساڭىز ئاغرىيدۇ، ئۆز جايىدا قالدۇرساڭىز ئارتۇقچە يۈك بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

ئەلىشىر ناۋائى

ئۆزۈڭدىن ئاجىزلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتما، ئۇلارغا جەبىر - جاپا قىلما، بىر كۈنى ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكلەرنىڭ جەبرىسىگە ئۇچرايسەن.

شەيخ سەئدى

بىز ھەممە نەرسىنى يوشۇرماي، يۈزمۇيۈز يامانلىقنىڭ يىلتىزىنى قىرقىپ تاشلاش ئۈچۈن تەنقىد قىلىشقا چاقىرىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ساپلىقىمىز ۋە كۈچ - قۇدرىتىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلىدۇر.

ۋ. ۋ. ماياكوۋىسكىي

كەمچىلىكلىرىمىزنى بىلىۋالساق، بىزگە زىيان ئاز بولىدۇ.

گ. لىختېنبېرگ

خاتا قىلغان بولساڭ، ناماقۇل بول، بۇ سەندىكى ئەڭ

گۈزەل پەزىلەت .

دالى گارنىگ

ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە ، يامانلىق قىلما ، ناچار ئىشلاردىن ساقلان ، بۇ ئۆزۈڭگە نىسبەتەن ياخشىلىقتۇر .

شارەسۇل زۇنۇن

بىئەدەپنىڭ يامانلىقى پەقەت ئۆزىگىلا ئەمەس ، باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ . ئەدەپسىزنىڭ ئۇستىگە كەلگەن ئاپەت ، پالاكەت ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىندۇر . ھەر كىم ئەدەپسىزلىك يولىدا ماڭسا ، قايغۇ - ھەسرەت ئوتىدا كۆيىدۇ .

جالالىدىن رۇمى

ھەربىر ئازابقا رازىمەن ، تەييار .
نومۇسۇم زەخمە چەكمىسۇن زىنھار .

پ . كارنېل

ئۇياتسىزلار شەرمەندىلىك بىلەن نام چىقىرىدۇ .

شارەسۇل زۇنۇن

يامان كىشىنىڭ بەزمىسىدىن يىراق ، قانچە يىراق بولساڭ شۇنچە ياخشىراق .

ئەلىشىر ناۋائى

باشتىنلا ئۆزىنى توغرا تۇتۇشنى بىلمىگەن ئادەم ۋىجدان ئازابىدىن خارلىنىدۇ .

ئابۇل . فاراج

ئەيىبىمىز يالغۇز ئۆزىمىزگە مەلۇم بولسا ، بىز ئۇنى چاپسان ئۇنتۇيمىز .

ف . لاروسفوكو

نومۇس — جاندىن قىممەت .

ف . شىللېر

نومۇس چۈشەنچىسى ئەخمەقنى جازا ھەققىدىكى ھەرقانداق كىتابچىلاردىمۇ ياخشىراق ئىزغا سالىدۇ .

ئا . سېن سىمون

ۋىجدان ئازابى ـ قولدىن كەتكەن پەزىلەتلەرنىڭ ئەكس ساداسىدۇر .

ئە . بوۋېر ـ لىنتون

يامان ئىشلارغا تو ۋا ـ تەزەردۇ قىلىش ئۆمۈرنى ئاسراپ قېلىش دېگەن سۆز .

دېموكرىت

نومۇس — ئېسىل گۈزەللىك .

ر . روللان

نومۇس — ئىنسان ئەقلىنىڭ تېمى

ۋ . گ . بېلىنسكىي

نومۇس — تاشقى ۋىجدان ، ۋىجدان بولسا — ئىچكى نومۇس .

ئا . شوبېنگائۇئېر

كۆپچىلىك ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىشقا ھەرقانداق ۋەزىيەتتە جۈرئەت قىلىشنى بىلىش ھەقىقىي نومۇستۇر .

ب . فرانكلىن

پەقەت ئالدامچىلىق ، نومۇسسىزلىق جەندىسىنى كىيگەن ئادەملەرلا ئۆز ۋىجدانىي ھۆكۈمىدىن قورقمايدۇ .

م . گوركىي

ئەيىبىنى ھېس قىلىش — ئەدەبلىك ئادەمنىڭ ياخشى

تۇيغۇسىدۇر .

تەلۋە ۋە تايىنى يوق تەنتەكلەر ئۆز ئەيىبىنى چۈشەنمەيدۇ .

ۋ . ئا . سۇخۇملىنىسكىي

ۋىجدان قەلبىنى تاتىلايدىغانلار ئۆتكۈر تىرماقلىق مەخلۇق .

ئا . س . پۇشكىن

ۋىجدان يارىسى ھېچقاچان تولۇق تۈزىلىپ كېتەلمەيدۇ .

پوبلىلى سىر

مەن ھاياتتا پەقەت ئىككىلا ھەقىقىي بەختسىزلىك بارلىقىنى بىلىمەن ، ئۇ - ۋىجدان ئازابى بىلەن كېسەللىك .

ل . ن . تولستوي

ئادەملەر ئۆز دىلى ، ۋىجدانى ۋە ئەقلىنى خۇددى ئاشقازانلىرىنى كاردىن چىقارغاندەك كاردىن چىقىرىدۇ .

ن . شامفور

ئەگەر قېنىپ ئۇخلاي دېسەڭ ، ئورنىڭدا ساپ ۋىجدان بىلەن يات .

ب . فرانكلىن

ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغۋارلىقى ۋىجدانىغا قارشى بىرەر ئىش قىلىشتىن كۆرە ئۆمۈر بويى ئازاب - ئوقۇبەتنى ئەۋزەل كۆرۈشكە بەل باغلىغانلىقىدىن بۆلەك يەنە قانداق ھاللاردا بىلىنىشى مۇمكىن ؟

ۋ . گ . بېلىنسكىي

ۋىجدانى مەجرۇھ ئادەملەرگە قاراش ، تاياق يېگەنلەرگە قاراشتىنمۇ دەھشەتلىك .

يۇ . فۇچىك

ئۆتكەن ئىشلىرىڭدا ئەيىبىڭ بولمىسا، ساپ ۋىجدان ئېگىسىسەن.

گوراتسىي

ساپ ۋىجدان بوھتانغىمۇ، مىشمىش گەپكىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ.

ئوۋىرىي

ساپ ۋىجدان پەقەت جىنايەت ۋە پەسكەشلىك بىلەنلا سۇسلىشىدۇ.

ژ. لامېترى

پاك بولمىغان ۋىجدانغا تەسكىن بەرگۈچى ھەرقانداق نەرسە جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدۇ.

پ. بوئاست

ھەرقانداق ۋەزىيەتتە ۋىجدان بىلەن ئىش قىلمايدىغان ئادەمگە ھېچقاچان ئىشەنمە.

ل. ستېرن

ئەقىل ۋە ۋىجداننى ئۆز ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا يالغان سۆزلەش مۇمكىن بولسىمۇ ئالداش قىيىن.

ئى. گيوتې

شان ـ شۆھرەتتىن كۆرە كۆپرەك ۋىجداننىڭ ئىشى ھەققىدە ئويلا.

پوبلىلىي سىر

ۋىجداننىڭ سۇسلاشقىنىنى ئىنسانىيەتكە زىيان كەلتۈرگۈچى ھەرىكەتلەرگە دەرغەزەپ بولالماسلىقتىنمۇ بىلىشكە بولىدۇ.

ئا. ئاسېل

كۆپچىلىك قانۇنى ۋىجدان ئىشىدا تايمايدۇ .

م . گاندى

ۋىجدان يولىغا كىرىش يېقىنلىقتۇر .

ئۇ . بالزاك

مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە پۇشايمان بىلەن باغلىق ۋىجدان ئازابى ئادەم بىلەن هايۋان ئارىسىدىكى مۇهىم پەرقتۇر .

م . داۋىن

ۋىجدان خاتىرىدىن ئىشەنچلىكتۇر .

م . يۇ . لېرمونتوۋ

ئادەملەر ئۆزلىرى ئادەت قىلىۋالغان ئىش - هەرىكەتلىرىدىن هېچ ۋاقىتتا ۋىجدان ئازابى هېس قىلمايدۇ .

ف . ۋولتېر

ۋىجدانلىق ئادەملەر هاياتىنىڭ ئادىل رەهنامىسىدۇر .

ل . ن . تولستوي

ۋىجدان بۇيرۇمىغان هەممە نەرسىدىن ئۆزۈڭنى تارت .

ل . ن . تولستوي

ۋىجدانىغا زىت ئىش قىلما ، هەقىقەتكە زىت سۆز سۆزلىمە ، مۇشۇ نەسىهەتكە رىئايە قىلساڭ ، هاياتىڭدىكى ئۆز ئالدىڭغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىلالايسەن .

م . ئەبنېر ئەشېنباخ

ساپ ۋىجدان — بىر ئۆمۈر تەنتەنە .

سېنېكا

ئىنساننىڭ قانداقلىقى تەنها ئۆزى قالغان ۋاقىتىدىكى هالىتىدە بىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىكى هەقىقىي ئىنساني ماهىيەت ئۇنىڭ ئىش - هەرىكەتلىرىنى باشقا بىرسى ئەمەس ، ئۆز

ۋىجدانى باشقۇرغاندىلا نامايەن بولىدۇ .

ۋ . ئا . سۇخۇملىنىسكىي

ۋىجدان بىز ئىگە بولغان ھەممە كىتابلار ئىچىدىكى ئەڭ دانا كىتابتۇر . ئۇنىڭغا پات ـ پات كۆز تاشلاپ تۇرىشىمىز كېرەك .

ب . پاسكال

ساپ ۋىجدان ئەڭ كېرەكلىك زىنىنەتتۇر .

تىستېرون

ساپ ۋىجدان ئاۋازى يۇزلىگەن شان ـ شەرەپ ئاۋازىدىن يېقىملىقتۇر .

پ . بوئاسىت.

مەن ياخشىلىقتىن باشقا بىرەر ئەۋزەللىك بىلمەيمەن .

ل . بىتخوۋېن

ياخشىلىقنى نەپرەت ياكى ئاداۋەت بىلەن قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇ پەقەت مۇھەببەتتىن تۇغۇلىدۇ .

ج . رىسكىن

ئىنسان دائىم خۇشال ياشىشى كېرەك ، ئەگەر خۇشاللىقىڭ تۈگىسە ، خاتالاشقىنىڭنى ئىرادە دەپ كۆر .

ل . ن . تولستوي

ئاق كۆڭۈل ۋە پاك بولغانلار ئادەمنىڭ ياخشىلىرىدۇر . ھەقنى سۆزلەشتىن قورقمايدىغان ، ئۆزى پاك ۋە كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرلا ئىنسان دېگەن نامغا لايىقتۇر .

ئەلىشىر ناۋائى

ئادەملەردىن ۋىجدان ۋە ئەقىل روشەنلىكى يېتىلدۈرۈش لازىم .

ئا . پ . چېخوف

بىرلا تەرەپ ئەيىبلىك بولسا جېدەل ئۇنچە ئۇزۇن سوزۇلمايدۇ .

ف . لاروشفۇكو

جېدەللىشىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ ئەقىلسىزلىقى - كۆپرەك ئەيىبلىك .

ئى . گيوتې

مەرد ئادەمگە قارىغاندا قورقۇنچاق ئادەم كۆپرەك جېدەل چىقىرىدۇ .

ت . جېففېرسون

هاياتتا بولۇپ تۇرىدىغان ھەر خىل جېدەللەردىن ئۆزىنى ياخشى تۇتۇش — شۇ ئادەم خاراكتېرىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

گ . تەيلور

ھاياتىمىزنىڭ مەقسىتى — ياخشىلىقتۇر ، ياخشىلىقنى مەيلى قانداق چۈشىنەيلى ، ھاياتىمىزنىڭ ئۆزى ياخشىلىققا ئىنتىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

ل . تولستوي

قورقىنىڭدا ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلگەندەك ، غەزەپلەنگىنىڭدە ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلىشىڭمۇ ماختاشقا لايىق بىر ئالىيجانابلىق .

ئا . سېمىت

غەزەپكە كەلگەندە سۆزلەشتىن ئاۋۋال ئونغىچە سانا ، بەك بولماي كەتسە يۈزگىچە سانا .

ت . جېففېرسون

كىمكى كۆچلۈك غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتسا ، ئۇ ئاز - تولا ئەقىللىق .

پلاۋت

ئادەملەر كۆپىنچە ئۆز ئەقىلسىزلىكلىرىنى غەزەپ بىلەن تولدۇرىدۇ.

ئو. ئولۋىر

جاھىل ئەھلى بىلەن كىمكى ئۈلپەت بولغاي،
ئۇ ئۈلپەت ئىچىدە يۈز مىڭ ئاپەت بولغاي.

ئەلىشىر ناۋائى

ئەمەلىيەتتىن مەلۇمكى، ئۆزىمىزنى ئاياپ، يۆلەش، باشقىلارغا شەپقەتسىز بولۇش بىر گۇناھنىڭ ئىككى تەرىپى.

ج. لابىر يۈيىر

مۇتەھەم دائىم خاپىغان، جەسۇر بولسا دائىم خۇشخۇي.

ئى. ئى. دمىتروۋ

ئىتتىن كېيىككە، مۇشۇكتىن كەپتەرگە شەپقەت كۈتۈش قىيىن.

ئەلىشىر ناۋائى

باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى زاڭلىق قىلىشنى قەتئىي كەچۈرمەسلىك كېرەك.

چىخوف

ئاچچىق كەلگەندە ھېچ ئىشنى باشلىما! بۇ بوران چاپقۇندا كېمىگە چىققانغا ئوخشاش ئەخمەقلىق.

ئى. گائوگ

پەسكەش ئادەملەر ئۇچۇن مۇقەددەس ۋە بۈيۈكلۈككە ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس قاراشلىرى ۋە پىكىرلىرىنى چاپلاپ ئۆز ئاجىزلىقلىرىنىڭ ئەلىمىنى ئېلىشتىنمۇ يېقىملىقراق نەرسە يوق.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

قەبىھ ئادەمگە ساخاۋەتمۇ، دانىشمەنلىكمۇ قەبىھلىك

بولۇپ كۆرۈنىدۇ . ئەسكىگە ئەسكىلىك يارىشىدۇ .

شېكىسپىر

يامان ئادەملەر كىشى بەدىنىدە مېڭىپ بارا ـ بارا جايىدا توختايدىغان چىۋىنگە ئوخشايدۇ .

ج . لابىر يۇيېر

ئادەم كۆپىنچە ئۆزىگە ئۆزى ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ .

تېستېرون

ئىچىنىشلىق تەقدىر ئاسماندىن چۈشمەيدۇ . ئۇ ئىنساننىڭ ئەخمەقلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ .

ل . ئالبېرت

پاراسەتلىكىمىز ۋە ئەسكى ئىللەتىمىز سەۋەبىدىن هاياتىمىزنى بەربات قىلىمىز ـ دە ، كېيىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان كۆلپەتلەردىن زارلىنىشقا ۋە ئاخىر «بەختسىزلىك پېشانىمىزدىن» دەپ سۆزلەپ يۇرۇشكە باشلايمىز .

ك . بائوۋى

دۈشمەنلىرىمگە هەۋەس قىلغىنىمغا قارىغاندا ، دۈشمەنلىرىمنىڭ ماڭا هەسەت قىلغىنى ياخشى .

پىلاۋت

كاللاڭدىكىنى غاچچىدە ئېيتىشقا هەممە ۋاقىت تەييار تۇرساڭ ، مۇتەهەم سەندىن قاچىدۇ .

ئۇ . بېلېچىك

قانچىلىغان زور ئىشلار ۋە قانچىلىغان ئاجايىپ ئادەملەر ناچار ئادەملەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ـ هە ؟ !

ك . د . ئۇشىنسكىي

يامان ئادەم كۆمۈر كۆيدۈرمىسىمۇ سېنى قارا قىلىدۇ .

ئاناخارىس

ئادەم قانچىكى دانا ۋە سېخىي بولسا ، ئۇ كىشىلەردىكى ياخشى تەرەپنى شۇنچە كۆپ بايقايدۇ .

پ . پاسكال

نامراتلىق كىشىلەرنى خاتا ئىشقا ئۈندەيدۇ .

سېنېكا

ھەرقانداق مۇناپىقلىقمۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ .

يا . كومېنىسكىي

گۇناھ ئىشلارنى بۇيرۇمىغانلا بولسا ، ئاتاماننىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش لازىم . ئەگەر ئۇلار گۇناھ ئىشلارنى بۇيرۇغان بولسا ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ .

مۇھەممەد پەيغەمبەر

ياخشىلار يېنىدىن ئۇنمەس ھېچ قاچان ،
دۈشمىنى توقۇماي ئاڭا بىر بوھتان .

سەئىدى شىرازى

دۇنيا دۈشمەندىن خالىي بولسا ھەم ،
ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتمىگىن ھەردەم .

خۇسراۋ دېھلىۋى

ھەر كىشىگە ئاتا ـ ئانىسى ئەدەپ ـ تەربىيە ئۆگەتسە ، زامان ئۇلارغا تۈرلۈك جەبرى ـ جاپالار ئارقىلىق تەربىيە بېرىدۇ .

قابۇس

كىمنىڭكى بىر تالاي بولسا دۈشمىنى ،
ئۆتكۈر بولسۇن ئىككى كۆزى رەۋىشى .

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

يىلاننىڭ بالىسى يىلاندۇر يىلان ،

ئاجىز شاختىن يامان مېۋىدۇر نىشان .
پەخرىدىن كوراگانى
كىمكى دۈشمەننى قىلمىدى ھەزەر ،
ئاقىۋەت ئۇنىڭدىن كۆرىدۇ زەھەر .
پەرىدىددىن ئەتتارى
قولۇڭدا تاش بولسا تاش ئۇزرە يىلان ،
جىنايەت بولىدۇ ئۇرمىساڭ شۇئان .
سەئىدى شىرازى
يېرىپ دۈشمەن بېشىنى تەندىن جۇدا قىل ،
ئەكسىچە بولسا ئۆز بېشىڭ پىدا قىل .
بەدرىددىن ھىلالى
قاچان كېتەر يامانلىق ئۆچلۈك ئەھلى پىكىردىن ،
مەقسەت يولنى يىلان ئىزدەر پەقەت زەھىرىدىن .
ئابدۇقادىر جامى
يامانلىق قىلىدىكەن دۈشمەن ياكى دوست ،
يانىشغۇ يامانغا ئاداۋەت دۇرۇس .
ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى
ئادىل مەملىكەتتە بولىدىكەن مىمار ،
باشقا ھېچ بىرنەرسە ئەمەستۇر دەركار .
ئابدۇقادىر جامى
دانىشمەن سۆزلىرى ئېسىمدە ھامان ،
«ئاجىز باۋنىنى سەل چاغلىما ساق يامان .»
ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى
كىم سېنى ئەلگە يامان ئاتلىق قىلار ،
دۈشمىنىڭ بىل ، ئوندىمۇ ياتلىق قىلار .
ناسىر خىسراۋ

دۈشمەنلىكتىن ئەمەس چايان چېقىشى ،
شۇنداق تەبىئىي ، پېئىل - خاھىشى .
سەئىدى شىرازى

كىمكى يامانلىق كۆردى ئادەمزات ،
ياخشى نامى ئاخىر بولدى بەربات .
خۇسراۋ دېھلىۋى

يىرتقۇچ بۆرە گەر ئۆلۈمگە لايىق ،
زالىم ئۇنىڭدىن يامان خالايىق .
ناسىر خىسراۋ

يامان بىلەن ئولتۇرغان ئىنسان ،
ياخشىلىق كۆرمەس ھېچ قاچان .
سەئىدى شىرازى

يامانلارغا يېقىن يولىمىغىن ئەسلا ،
جەھەننەم ئوتىدىن ساقلا رەببىنا .
سەئىدى شىرازى

كىمكى يامان ئىشنى بىلىدۇ راۋا ،
ئۆز قىلمىشىدىن تارتىدۇ جازا .
خۇسراۋ دېھلىۋى

ياماندىن يىراق بول ، ياخشىغا دىلكەش ،
ئۆمرۈڭ زايە كەتكەچ ، دىلىڭ بولار غەش .
ھاپىز شىرازى

ئاداۋەت تىغىنى كۆتۈرگەن كىشى ،
ئاداۋەت تىغىدا بولىدۇ ھالاك .
ئابدۇراخمان جامى

ناۋادا بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلساڭ ، ئۇ ھالدا خاتالىقمۇ ساڭا پايدىلىق بولىدۇ .

چۈنكى سەن خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغاندا ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ ساڭا بولغان ھۆرمىتى كۈچىيىپلا قالماي، ئۆزۈڭنىڭ ئىپتىخارىمۇ كۈچىيىدۇ.

دالى گارنىگ

باشقا ھەممە ھېسسىياتلارغا ئوخشاش غەزەپلىنىشمۇ تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى. ئۇ سەۋەبسىز پەيدا بولمايدۇ. ئۆز ئارزۇيىڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە پەيدا بولىدۇ.

ۋايىن ۋ. دىر

يامان بىلەن ئولتۇرما يامان سۆھبىتى،
ئەقلىڭنى كىر قىلار پاكلىق ئاپتى.

سەئىدى شىرازى

ھەقىقىي تۇرمۇش كەچۈرگەن - كەچۈرمىگەنلىكىڭ بىرەر ئىشنى توغرا تاللىغانلىقىڭ بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ.

ۋايىن ۋ. دىر

مەن ھېس قىلغان ئىنسانىي پەزىلەت - ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىشتىن باشقا، خاتالىقتىن ئاشكارا ۋاز كېچىشتۇر.

لېتېر

بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى ئۇنىڭ ۋىجدانىنىڭ يوقالغانلىقىدىن ئارتۇق بولمىسا كېرەك.

گومورو

ئەيىبسىز كىشىنى تىل تىغى بىلەن رەنجىتىش — ساغلام كىشىنى خەنجەر ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈرگەن بىلەن باراۋەر.

ئەلىشىر ناۋائى

شەپقەتسىز ھەرىگە ئېيتقىن ، ھەسەل بەرمىسىمۇ سانجىمىسۇن نەشتەر .

سەئىدى شىرازى

كىم سالسا ئۆزىگە ئازاب ۋە جاپا ،
ئۆز يىلتىزىغا ئۆزى ئۇرار پالتا .

سەئىدى شىرازى

كىشىلەر جاھاندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئادىل ، مۇۋاپىق بولسۇن دەپ تەلەپ قىلسا ، دۇنيادىكى جانلىقلار بىر كۈنمۇ ھايات كۆچۈرەلمەيدۇ . ئۇچار قۇشلار ، قۇرت - قوڭغۇزلارنى يېيەلمەيدۇ ، قۇرت - قوڭغۇزلار قوۋزاق يېيەلمەيدۇ . دۇنيادا تۇمەنلىگەن ماددىلارنىڭ ھەرقايسىسى-نىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ .

ۋايىن ۋ . دىر

بەندە سەن شاھ دەۋاسىنى قىلىسەن ،
قانداق شاھسەن — يامانلىق ئورنىتىسەن .

گەنىمجۇمىي

بىراۋنى قەستلەپ ئورا قازغان ئىنسان ،
ئاقىۋەت ئۆزۈڭگە قويىسەن قاپقان .

جالالىددىن رۇمى

ھەر جايدا يامانلىق ئۆگىتەر يامان ،
خەس - چۆپكە ئېسىلۇر غەرق بولغان ئىنسان .
يامان كىشىلەرگە ھەمراھ بولمىغىن ،
قارىسىنى يۇقتۇرار مىسالى قازان .

سەئىدى شىرازى

قوينى بوغماستىن ئاۋۋال ،
بۆرە بېشىنى كەسكىن دەرھال .

سەئىدى شىرازى

يامانلىقنى كۆرمىسەڭ ئۆزۈڭگە راۋا ،
بىراۋغا قىلما ئۇنى بۇرادەر .
ئەگەر ئۆز ئاناڭ ئىززىتىن قىلساڭ ،
قىل مىڭ ئانامنى تىللاشتىن ھەزەر .

سەئىدى شىرازى

كىمكى ئەگەر سەندىن قورقۇپ يۈرسە ،
ئۇنىڭدىن تىنچلىق كۈتۈپ بولما غاپىل .
چايان سانجار بولسا ئادەمگە نەشتەر ،
كۆپىنچە قورقۇشتىن سانجار ياخشى بىل .

سەئىدى شىرازى

ئىشەنمە يامان ئېيتسا شېرىن ماقال ،
ھەسەلگە زەھەر قاتمىقى ئېھتىمال .

سەئىدى شىرازى

يىراق بول يامانلىق — زەھەرلىك يىلان ،
يامانلىق چاقىدۇ يىلاندىن يامان .

ناسىر خىسراۋ

يامان ، ياخشىلىقنى بىلسىمۇ ھامان ،
ئىت ئىتتۇر ، بولسىمۇ ياخشى پاسىبان .

سەنائى

ئورا قازغۇچى پۇتىنى چوڭقۇردا سۇندۇر ،
يول توسقۇچىنىڭ بېشىنى يول تېشىغا ئۇر .

زەھىرى پەريابىي

ناكەسكە مەدەت بەرمە نوخلىسى ئۆسىدۇ ،

بۆرە چىشى قانچە ئۆتكۈر شۇنچە قانخور بولىدۇ .

سەئىدى شىرازى

بىرەلمىسەڭ بىراۋ دەردىگە دەرمان ،
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشما ھېچقاچان .

ناسىر خىسراۋ

يامانلىق ئىزدەيدۇ دائىما يىلان ،
بېشىنى يانجىشتىن يانما ھېچقاچان .

ناسىر خىسراۋ

ئەگەر يېنىڭغا كەلسە بەتخۇي ئادەم ،
قوغلىغىن توختاتماي يېنىڭدا بىردەم .
ياراشماس تىگۈلماق ئۇنىڭدىن خۇراپات ،
خۇراپات بولار ئاخىر باشقا ئاپەت .

ناسىر خىسراۋ

بىل ئۇزۇن ياشايدۇ پاشا — چىۋىندىن ،
ئەمما پاشا قانخورلۇقتا ئاشىدۇ ئۇنىڭدىن .

سەنائى

ھېزى بولغىنكى ، كاللاڭ باشقىلارنىڭ سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالمىسۇن .

شۇ پىنخوئۇر

رەزىل ئادەم ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلار ،
گاھى ۋاي ـ دادلار ، گاھى ۋاتىلدار .

ناسىر خىسراۋ

ساڭا نامۇناسىپ ئىشنى قىلما ،
باشقىلار جېنىغا زامىن بولما .

ناسىر خىسراۋ

يۈزسىز كىشىگە يۈزلەنسەڭ ،

يۈزسىز بولسەن ئاخىر ئۆزۈڭ .

ناسىر خىسراۋ

ئادەم گۇناھ قىلغاندا خۇدا ئۇنى ئازابلىدى ، قادىر ئىگەم بۇ دۇنيانى ئۇنىڭغا زىندان قىلدى .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

يامانلىق قىلىپ بولما شادىمان ، جازاسىنى تاپارسەن ئاخىرى يامان .

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى

# قىمارۋازلىق ، هاراقكەشلىك ، چېكىملىك ، ئەيش - ئىشرەت هەققىدە

زەهەرنى ئۆزۈل - كېسىل چەكلەش — تۆهپىسى هازىرغا ، پايدىسى كەلگۈسىگە بولىدىغان ئىش .

جياڭ زېمىن

زەهەر چەكلەش كۆرىشى مىللەت ئۈچۈن بىر چولڭ ئىش ، ئۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ هايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك .

جياڭ زېمىن

هەرقانداق هۇجۇم ۋە جىنايەتلەرمۇ خەلقنى ۋە خەلق ئەسلىھەلىرىنى هاراقكەشلىكتەك ۋەيران قىلمايدۇ .

ف . بېكون

هاراقكەشلىك — بۇزۇقچىلىق پۇراپ تۇرىدىغان قىمارخانىغا ، پارىخورلۇققا ، قەرزدارلىققا ، جىنسىي باشباشتاقلىققا يول كۆرسىتىپ بەرگۈچى يېشىل چىراغدۇر .

ئى . م . ياروسلاۋسكىي

ئىنسانىيەتكە داغ بولۇپ قالىدىغان جىنايەتلەرنىڭ ئوندىن توققۇزى ئىچىملىك بېسىمى بىلەن قىلىنىدۇ .

ل . ن . تولستوي

هاراقكەشلىك - ۋەهشىيلىكنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ ، ئۇ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ئىنسانىيەتنى بوغۇپ ، ئادەمزاتنىڭ ئەڭ ياخشى نامايەندىلىرىنى غاجاپ ، قۇۋۋىتىنى شوراپ ،

ھالاكەتكە ئۇچراتماقتا .

ژ . لوندون

بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىمىز ، ئەمما شەخسىي سالامەتلىكىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز .

جېرام

ئاۋۇ ئادەم مەسلىكتە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىستاكاندا نېمە ئىچىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىز ؟ ئۇ خوتۇنى ۋە بالىلىرىنىڭ كۆز يېشى ، قېنى ۋە ھاياتىنى سۈمۈرۈۋاتىدۇ .

ف . لامېنىي

ئادەمنىڭ ھايۋانلىقى تۇتقاندا ئۇ ھايۋاندىن يامان .

ت . پېن

مەستلىك ئۆزى خالاپ ساراڭ بولۇش دېمەكتۇر .

سېنېكا

مەستلىك ۋە جىسمانىي تەربىيە بىر ـ بىرىگە زىتتۇر .

ن . ئا . سېماشكو

ئەقلىي ئەمگەكتە چارچىغان قانچىلىغان كىشىلەر ۋە قانچىلىغان قارا ئىشچىلار ئىچىملىك دامىغا چۈشۈپ ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغۇچى مۇدھىش يولغا كىرىپ قالىدۇ .

ژ . لوندون

داۋاملىق ئىچىش زىيانلىق ، ئۇ جىگەر ۋە مېڭە پائالىيىتىنى بۇزىدۇ ، نېرۋىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ، نېرۋا كېسەللىكى ۋە ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ .

ئىبىن سىنا

ھاراقكەشلىك تارىخى مۇسىبەتلىك تارىختۇر . ئۇ ئاچلىق ۋە ۋاباغا قارىغاندىمۇ كۆپرەك ۋەيرانچىلىق ئېلىپ

كېلىدۇ .

ئو . كىلارىستان

قىلىشقا تېگىشلىك نى - نى ئىشلار مەي ئىچسە قىلىنماي قالىدۇ .

قىلىشقا بولمايدىغان قانچىلىغان ئىشلار مەستلىكتىن كېلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەي ئىچمە ، پىتنە - پاساتقا قېتىلما ، زىنا قىلما ، پاسىق قارا يۈز ئاتىلىپ قالما .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاۋايى - ھەۋەسكە مەپتۇن بولما ، دىلىڭنى توغرىلا ، كىشىلەرگە قېتىلغىن ، خاتىرجەم يۈرگىن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بىرى ، بەگنىڭ سۆزىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى ، ئىككىنچى ، ئەقىل بىلەن ھاۋايى - ھەۋەسنى يېڭەلىشى كېرەك .

ھاۋايى ھەۋەسكە يول قويسا كىشى تۇتقۇن بولىدۇ ، ۋۇجۇدى ئارزۇسىغا يەتسە ، ئۇ قۇل بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاراقكەشلىك ئادەمزات ئىستىقبالىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى .

ئا . فۇرنىي

ھاراقكەشلەر ئۆز ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا تۇرلۇك - تۇرلۇك ھەسرەتلەرنى ئىنئام قىلىپ قالدۇرىدۇ . ئۇلار ئىچىدىكى ئەڭ يامىنى روھىي كېسەللىك .

ۋ . يا . كانېل

تۆت نەرسە ئىنسانغا بالا كەلتۈرىدۇ : ئىچىملىك ، زىنا ، قىمار ، كىشىگە دىل ئازار بېرىش .

ئەلىشىر ناۋائى

هاراقنى كۆپ ئىچكەن ئادەم سىرنى ساقلىيالمايدۇ ھەم ۋەدىسىگىمۇ ۋاپا قىلالمايدۇ .

م . سېرۋانتىس

مەستلىك ۋە مەدەنىيەت مۇز ۋە ئوتتەك ، نۇر ۋە زۇلمەتتەك ئۆزئارا بىر - بىرىگە مۇتلەق قارىمۇقارشى چۈشەنچە .

فېسوگىر

ھەددىدىن تاشقىرى ئىچىملىكتە بېرىلىش ھېچقانداق نەپ بەرمەيدۇ ، ئەكسىچە ئەقىلنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ، سالامەتلىكنى ناچارلاشتۇرىدۇ ، يانچۇقنى قۇرۇقداپ ، ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ .

ئى . ت . پوساشكوۋ

ھەربىر چەككۈچى شۇنى بىلىشى ۋە ئېسىدە تۇتۇشى كېرەككى ، ئۇ بىر ئۆزىنىلا ئەمەس ، باشقىلارنىمۇ زەھەرلەيدۇ .

ن . ئا . سېماشكو

ھاراقكەشلىك ئىنسانلارنىڭ ، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنىدۇر .

پ . ئى . كوۋالېۋىسكىي

جىنايەت ۋە ھاراقكەشلىك ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بىر - بىرى بىلەن دائىم چىڭ باغلانغان ئىككى ھادىسىدۇر .

نى . ب . مىرژېۋىسكىي

مەست ئادەم ئۇخلىسىمۇ چۈشىگە كىرمەيدىغان يامان

ئىشلارنى قىلىشقا قادىردۇر .

ل . ن . تولستوي

هاراقىنىڭ ئۆزى ئاق بولسىمۇ ، ئەمما پۇرىقى قىزارتىدۇ ، ئابرۇينى قارا قىلىدۇ .

ئا . پ . چىخوف

مەستلىك ـ ئەقىلدىن ئېزىش مەشىقىدۇر .

پىفاگور

هاراقكەشلىك ـ ئىنسانلارنىڭ ، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنىدۇر .

پ . ئى . كوۋالېۋىسكي

هاراقكەشلىك شۇنداق يامان بىر ئىجتىمائىي ياۋۇزلۇقكى ، ئۇنى باھالاش ھەقىقەتەن قىيىن .

ۋ . م . بتېروۋ

قىمار — ئاچكۆزلۈكنىڭ ئوغلى ، نورمال بولمىغان قېرىندىشى ، بەختسىزلىكنىڭ قېرىندىشى .

ۋاشېنگتون

# ئەمەلدارلار ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار ھەققىدە

بىزگە ھوقۇقنى خەلق بەرگەن . كادىرلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ خىزمەتكارى ، ئۇلار خەلقنىڭ ۋە قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى شەرت .

جياڭ زېمىن

كادىرلارنىڭ قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگۈلىشى ، مەمۇرى ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى . كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ، تۆۋەن بولۇشى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەريانىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ .

جياڭ زېمىن

قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇننى چۈشەنمىسە ، ئۇ ھالدا بۇ قانۇن ئۆز ئاكتىپلىقىنى يوقىتىپ خۇنۇكلىشىدۇ .

سۇن جۇڭشەن

پەزىلەتلىك ساقچى — ئىنسانلار قەلبىدە بىر كىشىلىك ئورۇن ئالىدۇ ، خەلق ساقچىسى ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش ئۈچۈن ئۆزىدە سەممىيەت ، كۆيۈنۈش ، ئالىيجاناب ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى كېرەك .

گوسمان ناد

ئادالەت — خەلقنىڭ ھاياتى ، كىشىلەرنىڭ ياخشى

خۇلقى — دۆلەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ كاپالىتى .

ئەلىشىر ناۋائى

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىش قىلىشنى تىلىگەن بىر دۆلەت باشلىقى خەلقنىڭ قېرىنداشلىقى ۋە ئاتىسى بولۇشى كېرەك . خەلقنىڭ خۇشاللىقىغا خۇش بولۇپ ، قايغۇسىغا قايغۇرۇشى لازىم . خاتالىق ۋە كەمچىلىكنى بىلىش ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىش بىر پەزىلەت ، ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان دۆلەت باشلىقىمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم . خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالمىغان ھۆكۈمدار ئۆز ئورنىدىن چۈشۈرۈلۈشى كېرەك . ماھىيەتتە خەلق بىرىنچى ئورۇندا ، تەڭرى ئىككىنچى ئورۇندا ، پادىشاھلار ھەممىدىن كېيىن تۇرىدۇ . ئەقىللىق پادىشاھ دۆلەتنىڭ كەڭلىكىنى ئەمەس ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى ، بىلىملىك بولۇشىنى سۆيىدۇ .

مېڭزى

زورلۇق كۈچ بىلەن قانۇننى بۇزغان ۋە زورلۇق كۈچ بىلەن قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قانات ئاستىغا ئالغان كىشىنى سېپى ئۆزىدىن ھەقىقىي توپىلاڭچى دېيىشكە بولىدۇ .

لوك

دۈشمەنلەردىن قورقۇپ كەتمە ، ناھايىتى قىلسا ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن . دوستلاردىن قورقما ، ناھايىتى ئۇلار ساڭا مۇناپىقلىق قىلىشى مۇمكىن ، بىپەرۋا ئادەملەردىن قورق ، ئۇلار ئۆلتۈرمەيدۇ ، مۇناپىقلىقمۇ قىلمايدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ جىمجىتلىق ئىچىدە قىلغان رەزىللىكلىرى سەۋەبىدىن يەر يۈزىدە خائىنلىق ۋە قاتىللىق ھۆكۈم سۈرىدۇ .

ب . ياسېنسكىي

غەزەپ بىلەن جازا بېرىش ، جازالاش ئەمەس ، ئۆچ ئېلىشتۇر .

پ . بوئاسىت

پادىشاھلار ئادالەتنى كەسىپ قىلسا ، ئۇ خۇددى كۈندەك ئالەمنى بىردەمدىلا يورۇتىدۇ . ئەگەر زۇلۇم قىلسا كېچە قاراڭغۇلۇقىدا چۈشكەندەك پۈتۈن ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ .

ئەلىشىر ناۋائى

ھەققانىيەت ئۈچۈن كەلگەن بالا ـ قازانى راھەت بىل .

يۈسۈپ قىدىرخان

ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارى بولماسلىق — شۇ ناھەقچىلىققا قاتنىشىش بىلەن باراۋەر .

ژ . روسسو

بىپەرۋالىق — ئۆتۈپ كەتكەن زالىملىقتۇر .

م . ئويلىسمان

ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىدۇ . بۇ ئەبەدىلئەبەت قىل سىغمايدىغان بىر تەجرىبىدۇر . شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھوقۇقنى چوقۇم ھوقۇق بىلەن چەكلەش كېرەك .

مونتېسكيۇ

بەگ ئەلگە قانۇن يۇرگۈزسە ۋە ئادىل بولسا ، ئىستىگەن ئارزۇ ـ تىلەكلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر ياخشى كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا ،

يامانلارمۇ ياخشى ئىش قىلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر بەگلەر بەخت بەلگىسى سۈپىتىدە ياخشى بولىدىكەن ، پۈتۈن خەلق شۈبھىسىز ياخشى بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەر بىگى بىر ياخشى قانۇن تۈرغۈزغانكى ، يامان ئۇچۇن ئەڭ ياخشى چارە جازا ۋە زىنداندۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەڭ مەشھۇر داھىيلارمۇ ئۆز يېتەرسىزلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى تەنقىدكە موھتاج .

ن . ئا . بېستونوۋ

ياردەمچىلەر كۆپ بولسا بەگ جاپا چەكمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئىشى ئوبدان يۈرۈشىدۇ ، قانۇن بۇزۇلمايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بېگى ياخشى بولسا بارچە خەلق تەرتىپلىك ، قىلىقلىرى ياخشى ، خۇي - پەيلى گۈزەل بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامانلار بەگلەرگە يېقىن بولسا ، ئەلدە يامانلارنىڭ قولى ئۈزىراپ كېتىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەلق ئۇچۇن نىجاتلىق تىكلىگەن ، قانۇن ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلغان كىشىلەر گەرچە خان ، پادىشاھ ، لەشكەر بېشى ، ۋەزىرلەرنىڭ ئائىلە شەجەرىسى قىلىنغان ھەقىقىي تارىخ بىلەن باراۋەر بولسىمۇ ، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ شانۇ - شەۋكەتلىرى كۆمۈلۈپ قالمايدۇ .

لۇشۇن

ئەگەر بەگلەرنىڭ ئۆزلىرى ياخشى بولسا، خەلقى بېيىيدۇ، دۇنيا تۈزۈلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

داۋاملىق بەگ بولۇشنى خالىساڭ، قانۇن تۈرغۇز، خەلق ئۈستىدىن زۇلۇمنى كۆتۈرۈۋەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتى توغرا، مىجەزى پاك بولۇشى كېرەككى، خەلق بەگنىڭ يولىغا قاراپ يۈرۈش - تۇرۇشنى تۈزىسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىرىشچانلىق بىلەن بىللە سىياسەتمۇ كېرەك، سىياسەتكە بەگ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگ سىياسەت ۋە قانۇن بىلەن ئەلنى تۈزەيدۇ، خەلق ئۆز قىلىقىنى سىياسەتكە قاراپ ئوڭشايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگنىڭ سۆزى توغرا، قىلىقلىرى ئىشەنچلىك بولسۇنكى، خەلق ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن ۋە بەختىيار ياشىسۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي ئىلىك، ئۈچ ئىشتىن زۇلۇم - زۇلمەت يۈز بېرىدۇ. بىرى، بەختسىزلىك يۈز بەرگەندە بەگ غاپىل بولسا، يەنە بىرى، خەلقنى باشلىغۇچى بوشاڭ بولسا، يەنە بىرى، ئاچ كۆزلۈك؛ بۇلار خەلقنىڭ يۈرىكىنى يەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادالەتلىك بەگنىڭ يۈزىنى كۆرسە قۇتلۇق بولىدۇ،

ساۋاب تاپىدۇ ۋە گۇناھتىن خالاس بولىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك ، خەلقنىڭ مالىمانچىلىقنى سىياسەت باسىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قانۇن ـ قائىدىلەر ئىنچىكە خىزمەتتۇر ، ئۇلۇغ ھاجىپ ئادا قىلسا ، بۇ يول ۋە ئىشىكلەر ئېچىلىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئەگەر ئەل ئېلىنسا قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ ، ئەگەر ئەل ئىدارە قىلىنسا قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بەگ بىلىم بىلەن ئەلنى باشلاپ قانۇن يۈرگۈزىدۇ ، بارلىق ئىشلارنى ئىدراك بىلەن ئىشلەيدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ۋەزىرلىك تېگىپ ، قولۇڭ ئۇزۇن بولسا يامان قائىدە ـ نىزام تۈزمە ، سىلىق مۇئامىلە قىل .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قوماندان ياكى ئەل ھاكىمىيىتى ئەرباپى بولۇپ قالساڭ توغرا بول ، كۆز ـ قۇلىقىڭنى ئىتتىك قىل .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بارلىق بۇلغىنىشلارنى تازىلايمەن دېسەڭ ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى تازىلا ، ئاندىن خەلق تازىلىنىدۇ .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

خەلق بۇزۇلسا ئۇنى بەگ تۈزەيدۇ ، ئەگەر بەگلەر بۇزۇلسا ، ئۇنى كىم تۈزەيدۇ ؟

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قەيەردە ئېتىبارسىزلىق بولىدىكەن ، شۇ يەردە خاتالىق يۈز بېرىدۇ .

قەيەردە بىپەرۋالىق بولىدىكەن ، شۇ يەردە جىنايەت بولىدۇ .

گ . لېختېنبېرگ

ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى ئاز ساندىكى مۇستەبىتلەرنى خۇش قىلماستىن ، جەمئىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىشى كېرەك . بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاشكارا ئېلان قىلىنغان قانۇننى يولغا قويۇش كېرەك . ئەگەر نوپۇزلۇق كىشىلەر قانۇن يول قويغان ھوقۇقتىن ھالقىغان ھالدا زورلۇق بىلەن پۇخرالارنى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلىسا ، بۇنداق كىشى ئەمەلدار ھېسابلانمايدۇ .

لوك

شەك ـ شۈبھىسىزكى ، ھېچكىم ئادالەت ۋە ھوقۇق توغرىسىدىكى تەييار چۈشەنچىلەر بىلەن تۇغۇلمايدۇ . بىراق ئىنسان مەلۇم ياشقا كەلگەندە بۇ ھەقىقەتلەر تەبىئىي يوسۇندا ئۇنىڭدا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ .

ف . ۋولتېر

ئەي بەگ تاقىتىڭ يەتكۈچە غەيرەت قىل ، خەلققە ئادىل بول ، تېگىشلىك ھەسسىسىنى بەر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

جاھان تۇتۇشقا ئىدراكلىق ئەر كېرەك ، خەلقنى تۇتۇشقا ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاجىپلىق قىلساڭمۇ ، بەگلىك قىلساڭمۇ ، ھال ئېيتقۇچى چوڭ ـ كىچىكلەرنى قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك .

ئەگەر خەلقنىڭ باشچىسى ياخشى بولسا ، ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىمۇ ياخشى بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

خەلققە توغرا ، ئادىل قانۇن يۈرگۈزگىن ، ئادالەت كۈنىدە ياكى قىيامەتتە ئۇنىڭ رولى ياخشى بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يامان نىزام يۈرگۈزمە ، ياخشى قانۇن يۈرگۈز ، كۈنۈڭ ياخشى بولىدۇ ، بەخت كەمىرى يار بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قايسى بەگ ئەلدە توغرا قانۇن يۈرگۈزسە ، ئېلى روناق تاپىدۇ ۋە يورۇق كۈنگە يەتكۈزۈلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي دانا ، ئۇزۇنراق ئەل سوراش ئۈچۈن ، توغرا قانۇن يۈرگۈزۈش ، خەلقنى قوغداش كېرەك .

رەھبەرسىز كىشىلەر ھەممەتلىك غايىلەرگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلالمايدۇ .

ۋ . گيوگو

ئادىل پادىشاھ شەھەر ۋە مەھەللىلەرنىڭ پاسىبانى

ئەلىشىر ناۋائى

ئادىل پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە قوي - قوزىلار بۆرىلەرنىڭ خەۋپىدىن خاتىرجەم ياشايدۇ .

ئەلىشىر ناۋائى

نازارەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ھوقۇق مۇقەررەر ھالدا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ چىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

ئاقتۇن

يامانغا يانتاياق بولۇش كۆپىنچە ياخشىلىققا بىپەرۋا قاراش بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ .

ن . س . لىسكوۋ

بەگلەر ئەلنى راۋاج تاپقۇزۇش ، باشقۇرۇش ، خەلقنى تۈزەش ، دۇنيانى تازا تۇتۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەلنى راۋاج تاپقۇزۇش بەگلەرنىڭ ئىشىدۇر ، كىشىلەر ئۇنى قانۇن - قائىدىلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دۇنيانى تۇتقۇچى كىشى ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك ، خەلقنى ئىدارە قىلغۇچى ئۈچۈن يۈرەك كېرەك .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەربىر خىزمەتچى قائىدە - يوسۇنلۇق ، قانۇننى بىلىدىغان بولۇشى كېرەك .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بەگكە خاتا خىزمەت قىلماسلىققا غەيرەت قىلىش كېرەك ، خىزمەت داۋامىدا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىك كېرەك .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

جاھان تۇتقۇچى جاھاننى ئىدراك بىلەن تۇتۇشى ، خەلقنى باشقۇرغۇچى ئىلىم بىلەن باشقۇرۇشى كېرەك .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگەر خەلققە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىكەنسەن ، بارلىق سۆز - ھەرىكىتىڭ بىلەن ياخشىلىق قىل .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھاجىپلىق ئۇلۇغ ئىشتۇر ، كۈچلۈك كىشى بولمىسا

ئۇنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەي قەھرىمان — بېگىم ، توغرىلىق بىلەن بەلەن ئىش قىل ، مېنىڭچە توغرىلىقتىن باشقا ھېچقانداق ياخشى نەرسە يوق .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# پارىخورلۇق ۋە هاراملىق هەققىدە

چىرىكلىك ، ماهىيەتتىن ئېيتقاندا ، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپىنىڭ مەھسۇلى . چىرىكلىككە قارشى كۈرەش مۇرەككەپ ، مۇشكۈل ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشتۇر .

جياڭ زېمىن

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشتا نازارەتچىلىك ، چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش شەرت .

جياڭ زېمىن

دۇنيادا هالال ئادەمدىنمۇ بۈيۈكرەك زات يوق .

ر . روللان

ئۆمۈر بويى بەختلىك بولۇشنى خالىساڭ ، هالال ئادەم بول .

ت . فوللېر

نەپرەتلىنىشنى بىلىش هەربىر هالال ئادەمنىڭ مۇھىم بىر قورالى .

ژ . لوئوئېلىل

ئۆز ـ ئۆزىدىن : مەن هالال ئادەممۇ ؟ دەپ سورايدىغان ئادەملا هەقىقەتەن هالال ئادەمدۇر .

پلاتوت

هالاللىق ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ توغرا پائالىيەت

شەكىلدۇر .

ژ . لىببوك

باشتىلا ئۆزىنى توغرا تۇتۇشنى بىلگەن ئادەم ۋىجدان ئازابىدىن خالىيدۇر .

ئابول فاراج

ئاچ كۆزلۈك — جىنايەتنىڭ مەنبەسى .

ئېنگېس

ئۆز نەپسىنى كۆزلەيدىغان ئادەم دىيانەتلىك كىشى بولالمايدۇ ، دىيانەتسىز باش بولۇشقا يارىمايدۇ .

سەئىدى

ھەقىقىي ئادەم بولاي دېسەڭ تۆت نەرسىدىن : كۆڭۈلنى ھەسەتتىن ، تىلنى يالغان غەيۋەتتىن ، قىلغان ئىشىڭنى مىننەتتىن ، نەپسىڭنى ھارامدىن پاك تۇت .

نوشىرۋان

نەپسىڭنىڭ ئازدۇرۇشى كۆڭۈلنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ .

بودى

پاك - دىيانەتلىك ئادەمنىڭ تاماغا ئىنتىلمەيدىغان پاك نەزىرى ، مۇتەھەملەرنى ھەر ۋاقىت ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ .

جەۋلانى

ئاچ كۆزلۈك ئىنساندىكى ئەڭ قەبىھ ئىللەتتۇر . ئۇنىڭ ئاقىۋىتى كىشىلەرگە غەم ، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت كەلتۈرىدۇ .

ئەھمەت يۈكنەكى

ئاچ كۆزلۈك — ساقايماس ئاغرىق .

پىتاخ خوشىپ

دۇنيادا ئالته نەرسىنىڭ قەدرى ـ قىممىتى بولمايدۇ : بۇلۇتنىڭ سايىسى ، ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى ، ۋاپاسىزنىڭ مۇھەببىتى ، هارام بايلىق ، ساختا شان ـ شۆھرەت .

ئەھمەد يۈكنەكى

بۇيۇكلۇككە ئەڭ يېقىنى — هالاللىقتۇر .

ۋ . گيوتې

كۆزى توق كىشى ئىشتا پارا ئالمايدۇ ، هاجىپ پارا ئالسا بەگ كۆلكىگە قالىدۇ .

يۈسۈپ خاس هاجىپ

بارچە ئىشلارنى پارا ئالماستىن قىلىش ، يىراقلاشقان كىشىلەرنى بەگكە يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك .

يۈسۈپ خاس هاجىپ

ئادەم قانچىلىك ئەقىللىق بولسىمۇ هالاللىقنى يوقىتىشى بىلەن شۇنچىكى ياۋۇز ، ئاداۋەتچى بولۇپ كېتىدۇ .

تېستېرون

هالال ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر هاقارەت ئۇنى هالال ئەمەس دەپ گۇمان قىلىشتۇر .

ۋ . شېكىسپىر

هالال ئادەمنى تەقىپ قىلىش مۇمكىن ، ئەمما ئۇنىڭ نامىنى قارىلاش مۇمكىن ئەمەس .

ف . ۋولتىر

پۇلغا ئاچ كۆزلۈكمۇ ، موهتاجلىقمۇ يامان ، چۈنكى بۇ خاهىش قانچە ئاشقانسېرى ئېھتىياجمۇ شۇنچە ئېشىۋېرىدۇ .

دېموكرىت

كىشىنىڭ هەققىــي ياماندىن يامان ، هالال يىگىــن

بولۇرسەن ئامان .

موللا شاكىر

بىر ئىنسان ئۈچۈن ھالاللىق — كۆپچىلىكنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ياشاش ، ئومۇم ئىشى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتتىنمۇ كېچىش دېگەنلىكتۇر .

ن . پ . ئوگارېۋ

ھالال ئادەملەرنىڭ شۇنداق بىمەنە ئادەتلىرى باركى ، ئۇلار يۈزسىزلەر ، نومۇسسىزلار ئالدىدا ھەمىشە ئۇيات ھېس قىلىپ يەرگە قاراپ قېلىشىدۇ .

ۋ . گ . بېلىنسكىي

ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلگەن ھالال ئادەم ساختىپەزلەرنىڭ پۈتۈن نەيرەڭلىرىنى روشەن كۆرۈپ تۇرىدۇ .

ئى . گيوتې

ئەگەر ئادەم ھالاللىقتىن يۈز ئۆرۈسە ، شۇنچىلىك بىھساب ناچار ئىللەتلەرگە بېرىلىپ كېتىدۇكى ، ئاقىۋەت ھاياتىنىڭ ناپاك يوللىرىدا مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قالىدۇ .

ن . گ . چېرنىشېۋسكىي

ھەممە ئادەملەر ئەسلىدە بىر خىل ، دۇنياغا كېلىشلىرىمۇ بىر خىل ، پەقەت ھالال ئادەمنىڭلا نامى گىگانت .

سېنېكا

ھالاللىق ھەرقانداق مەرتىۋىنى بېزەيدۇ .

ف . شىللېر

ھالاللىق — تولۇق مەنىدىكى دەۋرىمىزنىڭ ئېسىل زادىلىقىدۇر .

ئە . رېنان

ھالاللىق — ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ توغرا پائالىيەت شەكلىدۇر .

ژ . لېببوك

ۋىجدانلىق ئادەملەر ئۈچۈن ھالاللىق —ساۋاتلىق ئادەملەر ئۈچۈن ئىلىم قانچىلىك زۆرۈر بولغىنىدىنمۇ كۆپرەك قىممەتلىكتۇر .

ژ . روسسو

شەرمەندە ئۇزاق ئۆمۈردىن ، قىسقا ، ھالال ئۆمۈرنى ئەۋزەل كۆر .

ئېپكتېن

ھالال ياشىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرساڭ ، ھايات لەززەتلىك ۋە ئاسايىش تۇيۇلىدۇ .

م . ئى . كالىنىن

ئۆمۈر بويى بەختلىك بولۇشنى خالىساڭ ، ھالال ئادەم بول .

ت . فوللېر

ھالاللىق ، توغرىلىق — زور بەخت .

ئى . زولا

بۈيۈكلۈككە ئەڭ يېقىنى ھالاللىقتۇر .

ۋ . گيوگو

ھالاللىق نېمە؟ ھاللىق توپ - توغرا سەممىمىي مۇناسىۋەتتۇر ، ۋىجدانسىزلىق بولسا يېگانە يوشۇرۇن مۇناسىۋەتتۇر .

ئا . س . ماكارىنكو

ھالاللىق ھەر قانداق مەرتىۋىنى بېزەيدۇ .

ف . شىللېر

ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى راستچىللىق، گۈزەللىك ۋە پاكلىقنى پەرق ئېتىشنى بىلىۋال.

خ. جىكسون

ھاراملىق بار يەردە رەزىللىك، ئادالەتسىزلىك بار يەردە جەبىر - زۇلۇم، يالغانچىلىق بار يەردە تۆھمەت تەنتەنە قىلىدۇ.

ئەلىشىر ناۋائى

ئۆزىنى پاك تۇتۇشنى بىلگەن ئادەم، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغانلارنىڭ پۈتۈن نەيرىڭىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

گيوتې

ئەڭ ياخشى دورا — نەپسىنى يىغىش.

سوقرات

نەپسانىيەتچىنىڭ قەلبىنى داۋالىماي تۇرۇپ، بەدىنىنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

سوقرات

ئۆز نەپسىنىلا كۆزلەيدىغان ئادەم دىيانەتلىك كىشى بولالمايدۇ، دىيانەتسىز ئادەم باش بولالمايدۇ.

سەئىدى

ئۆز شەخسىي مەنپەئەتلىرى ۋە ئۆز خاھىشلىرىغا بېرىلمەي ھەقىقەتكە بويسۇنۇش - ھەقىقىي ھالاللىق.

ن. پ. ئوگارېۋ

كىمكى ۋىجدان ئازابى كېسىلىدىن قىينالمىسا، ھالاللىق توغرىسىدا ئويلانمايلا قويسۇن.

ژ. رېنار

تىلىڭغا ھېزى بول، كۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل،

گىلەمنى پاك ساقلا ، ئاز ۋە ھالال يېگىن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

نەپرەتلىنىشنى بىلىش ھەربىر ھالال ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالى .

ژ . لۇئوئېرلىل

ھالال ئادەملەرنىڭ تاماغا بېرىلمەيدىغان ئېسىل ئادىتى ، مۇتەھەملەرنى ھەمىشە دەككە - دۈككىگە سالغىنى سالغان .

ژ . ژ . روسسو

پەسكەش تەمەگەرلىكتىن كۆرە جازانى ئەۋزەل كۆر . چۈنكى جازا بىر قېتىم ، تاماگەرلىك ئۆمۈرۋايەت دىلنى قارا قىلىدۇ .

خىلون

ھالال ئىش قىلىمەن دىسەڭ كۆپچىلىك مەنپەئىتىنى كۆزلە ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىل ، شەخسىي مەنپەئەت كۆپىنچە خاتالاشتۇرىدۇ .

ك . گېلۋېتسىي

ئۆز ھالاللىقىنى نامايەن قىلىش كۆپرەك خۇشپئىل ئادەمگە يارىشىدۇ .

ئارىستوتېل

ئەقىلنىڭ ھالاللىقى ھەقىقەت ئالدىدا چېكىنمەي ئۇنىڭغا ئىشىنىش ، ھەرقانچە قىيىن بولغاندىمۇ ئۇنى تېپىش ۋە چالا - پۇلا خۇلاسىلەر ، ھاقارەتلىك ساختىپەزلىكلەردىن يىرگىنىشتۇر .

ر . روللان

ھەقىقىي ساخاۋەتلىكتىنمۇ ئارتۇق ھالاللىق بولمىسا كېرەك .

ب . فرانكلىن

# ئالدامچى ـ يالغانچى ، ھەسەتخور ۋە خۇشامەتچى ھەققىدە

ھەقىقەتنى سۆزلىيەلمەيدىغان كىشىلەر ئۆزىنى يالغانچى ۋە ئالدامچىنىڭ شېرىكى دەپ ھېسابلىسا بولىدۇ .

چارلىس پېگى

ھەسەت ئەڭ ئېغىر يامانلىق ، دوستۇڭنىڭ ئىشى يۈرۈشسە ، ھەسەت قىلماي خۇشال بول . ئۇنىڭ ئامىتىگە خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ھەرىكەت قىل .

ۋ . ئا . سۇخۇملىنسكىي

ھەسەت — قەلب ئوغرىسى .

ف . ۋولتېر

ھەسەت — دەلىل ئىسپاتسىز ئەيىبلەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ ، نۇقسانلارنى كۆپەيتىدۇ ، قىلدەك خاتانى يوغىنىتىدۇ ، مۇبالىغە ۋە ناھەقچىلىككە تولۇپ تاشقان بولىدۇ .

ل . ۋوۋېنارگ

يالغانچىلىق — ئىنسانىي ئاپەت تورىغا گىرىپتار قىلغۇچىدۇر ، شۇڭا يالغاننى تاشلاپ راستچىللىق ، ساداقەت يولىغا كىرمەك لازىمدۇر .

زەبۇرى

يالغانچىلىق ۋە ھىيلە ـ مىكىر ئەخمەقلەر ۋە قورقۇنچاقلار ئۈچۈن پانادۇر .

ف . چېستېرفىلد

يالغانچىلىق ھاراقكەشلىككە ئوخشايدۇ ، يالغانچى ئۆلۈۋاتقاندىمۇ يالغان سۆزلەپ ئۆلىدۇ .

ئا . پ . چېخوف

يالغانچىلىق — ھاياتقا تېرەك بولالمايدۇ .

ن . ك . كروپىسكايا

يالغان بىقەدىر قىلار ئادەمنى ،
يالغان شەرمەندە قىلار ئادەمنى .

سەئىدى

ئالدامچىلىق بىلەن ئىككى يۈزلىمىلىك بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكىلار .

لىنكولىن

ئادەمنى ئالدىدا ماختاش — خۇشامەتچىلىكنىڭ بەلگىسى .

ئارىستوتېل

بارلىق خۇشامەتچىلەر ئادەتتە ئالدامچىلاردۇر .

ئىنگىل

خۇشامەت ساداقەتكە مۇتلەق يېقىن كەلمەيدۇ .

روتتېر دامىسكي

خۇشامەتچى قارشى فرونتتىكى دۈشمەندىن يامان .

تاتسىت

ھەسەتخورلارنىڭ خاتىرىسى — ئاداۋەتلەرنى ئېسىپ قويۇش ئۈچۈن قويۇلىدىغان داردىن باشقا نەرسە ئەمەس .

ژ . فوستىر

يالغانچىلىق — قەبىھ ئىللەت .

م . مانتېن

ئادەم خاتالاشقاندا ھەرقانداق ئادەم ئۇنى سېزىدۇ ، ئەمما ئالداۋاتقاندا بولسا ھەممە كىشى سېزىپ كېتەلمەيدۇ .

ئى . گيوتې

مەن ھەممىدىن بەك قورقۇنچاقلىق ۋە ئاجىزلىق سەۋەبىدىن توقۇلغان يالغاندىن نومۇس قىلىمەن .

ئا . ئى . كۇپرون

ئۆز ۋىجدانىنى ئالداش — ئىنسان ھاياتىدىكى تەشۋىشنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ۋە ئەڭ قەبىھ كۆرۈنۈشىدۇر .

ل . ن . ئاندرېيۇ

خۇشامەتچى كىم؟ ئۇ دەرھال يول تاپىدىغان مەرد ، ئەقىل ئىگىسى بولۇپ كۆزىڭىز چۈشۈشى بىلەنلا يەتتە پۈكۈلۈپ كۈلۈمسىرەيدۇ ، ھەربىر سۆزىڭىزنى ئەندىكىپ قارشى ئالىدۇ ۋە نېمە قىلسىڭىز ھەممىسىنى قارىغۇلارچە ئالقىشلايدۇ .

لابىر يويېر

كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىرىڭىنى كۆرۈپ ، بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئاقلايدىغان ، ھەتتا ماقۇللايدىغانلارغا يېقىن يولىما ، ئۇنداق ئادەملەر خۇشامەتچى ، قورقۇنچاق ياكى ئەخمەق ، ھەرقانداق بەختسىزلىك ۋە كۈلپەتتە ئۇلاردىن ياردەم كۈتمە .

سىكو هورودا

بويسۇنغاندەك كۆرۈنۈپ كېيىن ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىدۇ .

چېرنىشېۋىسكى

كۆك پىت — مايسىنى ، دات — تۆمۈرنى ، يالغان بولسا

قەلبنى يەيدۇ .

ئا . پ . چېخوف

ئىنساننى يالغانچىلىق خورلايدۇ .

ئو . بالزاك

يالغانچىلىقنىڭ دائىمى ھەمراسى — مۇغەمبەرلىك .

لوك

ساختا نەرسە ھېچقاچان پىششىق بولمايدۇ .

پ . بوئاسىت

يېرىم - ياتا ھەقىقەت يالغاندىن خەۋپلىك ، بۇنداق ھەقىقەتكە قارىغاندا يالغاننى ئاجرىتىش ئاسان ، چۈنكى ئۇنداق ھەقىقەت بىلىنمەسلىك ئۇچۇن نەچچە ھەسسە كۈچلۈكرەك نىقاب كىيىۋالىدۇ .

ت . گېپىل

ئىنساننىڭ خۇلقى ، ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە كۆڭلۈڭ نېمىنى دېسە شۇنى سۆزلەش ، سەندىن مەلۇم بىرسى مەلۇم نەرسىنى كۇتۇۋاتقان تەقدىردىمۇ خۇشامەت قىلما ، خۇشامەتچىلىك سېنى مۇناپىق ۋە رەزىل مۇتەھەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .

ۋ . ئا . سوخوملىنىسكىي

مۇناپىقلىق — تەس ئەمەس ، ئۇ ھەربىر ئەسكىنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدۇ ، لېكىن چىن يۈرەكتىن سۆزلەش ، كۈلۈش بولسا ئالىيجاناب قەلب ئىگىسىگىلا خاستۇر .

ش . پىشىخ

ئىشەنمىگىن مەدداھ ، گەپدانلارغا ، زەررىچە نەپ ۋە مۇرادىنى ھاسىل قىلمىساڭ ، ھەسسىلەپ ئەيىبىڭنى ساناپ كېتەر .

سەئىدى

مۇناپىقلىق ، خۇشامەتچىلىك ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك زور ياۋۇزلۇق ، نىقابلانغان بۇ ياۋۇزلۇقنى سىزىۋال ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن شەپقەتسىز ۋە مۇرەسسەسىز بول .

ۋ . ئا . سوخۇملىنىسكىي

خۇشامەتچى ئادەملەر بىزەڭلەرچە مۇناپىقلىققا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ .

ئۇ . بالزاك

تەنتەكلەر ئارىسىدا مۇناپىقلار دەپ ئاتىلىدىغان بىر تائىپە بار ، ئۇلار ئۆزلۇكسىز ھالدا ئۆزلىرى ۋە ئۆزگىلەرنى ئالداشنى. ئۆگەنگەن ، ئەمما ئۇلار ھەممىدىن بەك ئۆزلىرىنى ئالدايدۇ .

داۋىنچى

پەقەت پەسكەش ئادەملا ئالدىڭدا ماختاپ ، كەينىڭدىن غەيۋەت قىلىدۇ .

پىفاگور

مەلۇم ۋاقىت ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم كېيىن ئۇنداق قىلماي تۇرالمايدۇ . باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا زىرىكىشلىك كۆرۈنىدۇ .

ج . لابرىيويېر

ئاجىزلارنىڭ كۈچى — ھىيلە - نەيرەڭدۇر .

ۋ . شېكسپىر

ئالداۋاتقان ئادەم زىممىسىدە قانچىلىك ئېغىر يۈك بارلىقىنى ئويلىيالمايدۇ ، چۈنكى ئۇ بىر يالغاننى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە يىگىرمە قېتىملاپ يالغان سۆزلىشى كېرەك .

ئا . پوپ

ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ يىرگىنىشلىكى ، ھەسەت…
خائىنلىق ۋە پىتنە ـ پاساتلار ھەسەت بايرىقى ئاستىدا كۈن كۆرىدۇ .

ك . گېلىۋېتسىي

ھەسەت يۈكسەك پەزىلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئوتتۇراھال نەرسىلەرنىلا ئايايدۇ .

گ . لېۋىس

ھەسەتخورلار ئۆلىدۇ ، لېكىن ھەسەت ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ .

ژ . مالېر

يالغانچىلىق ياۋۇزلۇقنىڭ دەل ئۆزى .

ۋ . گيوگو

ئىنساننى يالغانچىلىق خورلايدۇ .

ئۇ . بالزاك

كىمكى ئۆزى ئالدامچى بولسا ، ئالدامچىلار بىلەن ئاپپاق ـ چاپپاق بولۇشنى خالىمايدۇ .

ژ . ژ . روسسو

ئالدامچىلار باشقىلارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش دەپ قارايدۇ .

ج . لا . بريويىر

پەقەت ئالدامچىلىق ، نومۇسسىزلىق جەندىسى كىيگەن ئادەملا ئۆز ۋىجدانى ھۆكمىدىن قورقمايدۇ .

م . گوركىي

خۇشامەتچىلىك — جىنايەتنى سورۇيدىغان شامالدۇرغۇچ .

ۋ . شېكىسپىر

غەيۋەت ئىسپاتلانمىغان تەقدىردىمۇ بىر ئۆمۈر داغ قالدۇرىدۇ .

ئا . س . پۇشكىن

مۇناپىقلىق ، خۇشامەتگۇيلۇق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك ئەڭ يامان ياۋۇزلۇق ۋە جىنايەتتۇر .

جەۋلانى

تەخسىكەشلىك — جىنايەت ئۇتىغا چېچىلغان ياغ .

شېكىسپىر

يالغانغا ئۇچماق ، ئۇ زىيانلىق .

ۋ . ئى . لېنىن

ھەسەت — ئادەملەر ئارىسىدا ئىناقسىزلىق تېرىيدۇ ۋە جىنايەت پەيدا قىلىدۇ .

دېموكرىت

ھەسەت — قەلبىمىزنى يارا قىلىدىغان مۇدھىش ئوغرىدۇر .

گ . فىلدىڭ

ھەسەتخورنى ھېچ نەرسە خاتىرجەم قىلالمايدۇ .

ل . ۋوۋېنارگ

ھەسەتخور بەختلىك كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى .

ئېپىكتىت

يالغانچى — ئىنسان دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس .

ف . فېنلىيون

يالغانچىلىق — ئىرادىسىز يۈرەكنى ، پاراسەتسىز ئەقىل بولسا ، بۇزۇق خاراكتېرنى پاش قىلىپ بېرىدۇ .

ف . بېكون

دۈشمەننىڭ يالغان گېپىگە ، خۇشامەتچىنىڭ تاتلىق

سۆزگە ئۇچۇپ كەتمە. بىرىنچىسى مۇغەمبەرلىك تورىنى يېيىپ تۇرسا، ئىككىنچىسى ياۋۇز كانىيىنى ئېچىپ تۇرىدۇ.

سەئىدى

خۇشامەتچى ئۆگىتىلگەن هايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ خەۋپلىكى.

دئىوگېن

خۇشامەتچىلەردىن قاچ، ئۇلار ياخشى كىيىنىۋالغان ئوغرىلاردۇر.

ئو. پىنىن

كىمكى تاپىنىڭنى يالىسا، چىشلىشىگە قاراپ تۇرماي دەرھال يەنجىپ تاشلا.

ۋالىرى

قەبىھ خۇشامەتچى ۋە ئالدامچىدىن كۆرە ئاشكارا دۇشمەن ياخشى.

پېتىر

خۇشامەت — ھەقىقەتنىڭ كۇشەندىسى.

لاش فۇكۇ

يالغانچىلىق، ئېزىلەڭگۈلۈك، تەكەببۇرلۇق، چېقىمچىلىق، ئادەمنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى تۆكىدۇ.

جۇنەيد جاغدادى

يالغانچىلىق بىلەن ئۆزىنى ئالدىماسلىق كېرەك. چۈنكى يالغانچىلىق قىلىش تولىمۇ زىيانلىق.

ۋ. ئى. لېنىن

پۇتۇنلەي يالغان نەرسىلەرنى، ھەقىقەتنى بوياپ كۆرسىتىشلەرنى قەتئىي رەت قىلىش كېرەك.

ئا. باربىيوس

زېھىن ۋە ۋىجدان ھېچقاچان بۆھتاننى كەچۈرمىگەن ۋە كەچۈرمەيدۇ .

د . گالىفوكىس

كىم تۆھمەتچىنى ئەيىبلىمەيدىكەن ، ئۇ تۆھمەتچىنى قوللىغان بولىدۇ .

سۇىتونىي

يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز كېلىدۇ . ۋاپاسىز كىشىلەر خەلققە نالايىق ئىشلارنى قىلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىرىشىپ ئۈچ ئىشتىن يىراق تۇر . بىرى بەگلىك قىلما ، يەنە بىرى يالغانچىلىقتۇر . ئاخىرقى بىرى ئاچكۆزلۈك . بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھەر ئۈچىلىسىنىڭ تۈۋى يوقتۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنىڭ بىرى يالغانچىلىقتۇر ، ئۇنىڭدىن قالسا زوراۋانلىق قىلغانلاردۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تىلىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما ، ئەر يالغان سۆز بىلەن ئۆزىنى قەدىرسىز قىلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دائىم ئابرۇيلۇق بولاي دېسەڭ ، ھەر قاچان ئېغىزىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# ئادىل سوت ۋە سوتچى ھەققىدە

ئادىل سوت ـ ھەممە ئىجتىمائىي ئادالەتنىڭ ئۇل تېشى .

پ . گولباخ

سودىيەلەر ئۆز ئىشلىرىنىڭ قانۇننى پەش قىلىش ئەمەس ، ئۇنى ئىزاھلاش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقلىرى كېرەك .

ف . بېكون

سودىيە — سۆزلەۋاتقان قانۇن ، قانۇن بولسا تىلسىز سودىيە .

تېستېرون

سودىيەلىك ئورنىنى ئىگىلەشكە لايىقلىقىڭغا دىلىڭدا ئىقرار بولمىغىچە باشقىلارنى سوتلاشقا جۈرئەت قىلما .

ئېپكتېت

دوستىنىمۇ — دۈشمىنىنىمۇ بىر خىلدا سوت قىلىش كېرەك .

مىيانادو

ئادىل سوتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى — ئالدىن ئويلاپ قويۇلغان ناتوغرا مۇلاھىزىلەردۇر .

ژ . ژ . روسسو

ئاقىلغۇچى ، بولۇپمۇ سودىيە ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا

قىلىۋاتقاندا ھېسسىياتلىرىغا بېرىلىپ كېتىشكە ھەقلىق ئەمەس .

ر . ستىۋېنسون

ئەگەر سەن ئادىل سودىيە بولۇشنى خالىساڭ ، قارىلىغۇچىغا ئەمەس ، ئىشنىڭ ئۆزىگە قارا .

ئېپىكتېت

جىنايەتچىگە ھۆكۈم باشلاشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن ياكى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تارازىغا سېلىپ كۆرۈش زۆرۈر .

ل . ۋوۋېسنىنارگ

ھەم قارىلىغۇچى ، ھەم سودىيە بىر شەخستە مۇجەسسەملىشەلمەيدۇ .

مېنانار

بىگۇناھ كىشىنى جازالىغان سودىيە ئاۋۋال ئۆزىنى جازالايدۇ .

بوبىلىلىي سىر

بىگۇناھ كىشىنى جازالاش — سودىيەلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى جازالىشى دېگەن سۆز .

سېنېكا

بىر ناھەق ھۆكۈم ئايرىم شەخسلەر قىلغان كۆپلىگەن جىنايەتلەرگە قارىغاندا ئېغىر كۆلپەت كەلتۈرىدۇ . ئايرىم شەخسلەر پەقەت ئېقىن تارماقلىرىنى ، ئاندا - ساندا ئۇچرىغان جىلغىلارنى بۇلغىسا ، ناھەق سودىيە ئابىھايات بۇلىقىنى بۇلغايدۇ .

بېكون

مۇتىدىل سودىيەنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى ئۆزىنىڭ

يۈكسەك مەرتىۋىسىگە نىسبەتەن ئېھتىرامدىن نىشاندۇر .

ف . لاروشفۇكو

ھەر ئىككى تەرىپىنى ئوبدان تەكشۈرمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارما .

سولون

ئۆزى يوقلار ھەر ۋاقىت ئەيىبلىك بولۇپ چىقىدۇ ، ھازىر بولغانلار بولسا ھەممىشە ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە .

پ . فرانكلىن

جازالىيالمايدىغان سودىيە ئاجىزدۇر ، نەتىجىدە ئۇ جىنايەتچىنىڭ شېرىكىگە ئايلىنىدۇ .

ئى . گيوتې

ۋىجدان ھۆكۈمى — ئالى ھۆكۈم .

سۇقرات

بىر ئادەمگە قىلغان ئادالەتسىزلىك ھەممىگە قىلغان ئادالەتسىزلىكتۇر .

ش . مونتېسكيې

ۋىجدانىمىزنى ئۆزىمىز نابۇت قىلمىغان بولساق ، پاك سودىيە ھېسابلىنىمىز .

ئۇ . بالزاك

مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىمەن ، پىچىمەن ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىشىنى ئۇزارتمايمەن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ، مەيلى يېقىنىم ، تونۇشۇم بولسۇن ، مەيلى ئۆتكۈنچى ياكى مېھمان بولسۇن ، قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىسى مەن ئۈچۈن بىردەك ، ھۆكۈم قىلغاندا ھېچبىرى مەندىن پەرق تاپالمايدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# تۆھمەت ۋە گۇۋاھچى ھەققىدە

ئون ئاڭلىغان گۇۋاھچىدىن بىر كۆرگەن گۇۋاھچى ئەۋزەل .

پىلاۋىن

غەزەپلەنگەن گۇۋاھچىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس .

تېستېرون

ئادەم ئۆزىنىڭ ھەقلىقلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك ، بۇ ئۇنىڭ بىگۇناھلىقىغا كېپىل بولغان ئىككى گۇۋاھچىدىنمۇ مۇھىم .

ت . گىپپىل

يالغان نەرسىلەرنى ، ھەقىقەتنى بوياپ كۆرسىتىشلەرنى قەتئىي رەت قىلىش كېرەك .

ئا . باربيوس

باشقىلارغا تۆھمەت قىلىپ كۇسۇرلايدىغان ئادەمنى ئۆيۈڭدىن ھەيدەپ چىقار .

فالېس

پىتنە تۇغدۇرىدىغان راست سۆزدىن ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان يالغان سۆز ئەۋزەل .

سەئىدى

ئەگەر سۆزۈڭ ئۆتكۈر بولۇشنى خالىساڭ سورىغانغا

جاۋاب بەر ، سۆزۈڭ توغرا ، چىن بولسۇن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆز شىددەتلىك بورانغا ئوخشايدۇ ، كۆڭۈلنى ئاغرىتىدۇ .

كىشىنىڭ كۆڭلى ئاغرىسا ساڭا دۈشمەنلىك قىلىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ھەممە سۆزنى سۆز دەپ تىلىڭدىن چىقارما ، كېرەك - كېرەكسىزلىكىنى بىلىپ ، ئويلىنىپ ئېھتىيات بىلەن سۆزلە .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى — ئادەم ئۆلتۈرۈش ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ، ئاتا - ئانىسىنىڭ دىلىنى رەنجىتىشتۇر .

شارەسۇل زۇنۇن

بوھتان — مىلتىقتىنمۇ خەۋپلىك قورالدۇر .

ئا . گ . رونبىشتىن

بوھتان — ئارقىلىق قانچىلىغان دوستلۇق رىشتىلىرى ئۈزۈلگەن ، قانچىلىغان ئائىلە خاراب بولغان .

لوكئان

بوھتان — ئاجايىپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە نۇقساندۇر . سىز ئۇنى يوقىتىمەن دېسىڭىز ، ئۇنىڭغا ھايات بەخش ئەتكەن بولىسىز ، ئۇنى ئۆز مەيلىچە قويۇۋېتىڭ ، ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ .

ت . پېتىت

بوھتان غىڭىلداپ جانغا تېگىدىغان ھەرىگە ئوخشايدۇ ، ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە كۆزىڭىز يەتمىسە ،

ياخشىسى ئۇنى ھەيدىۋېتىشكە ئۇرۇنماڭ ، بولمىسا ئۇ سىزگە قاتتىق يېپىشىدۇ .

ن . شامفۇر

بوھتان — ھەسەت قورالىدۇر .

س . سېگۇر

ئادەتتە ياخشى مېۋىگە قۇرت چاپلاشقاندەك ، بوھتانمۇ ياخشى ئادەملەرگە چاپلىشىدۇ .

ژ . سۇسفىت

ياخشىلار يېنىدىن ئۆتمەس ھېچقاچان ،
دۈشمىنى چاپلىماي ئاڭا بىر بوھتان .

سەئىدى

بوھتان ۋە يالغانچىلىق مىشچانلار سىياسىتىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلغان ئۇسۇلىدۇر ، بۇ دۇنيادىكى بۇيۇك كىشىلەر ئارىسىدىن يالغانچىلىق ياكى بوھتان پاتقىقى چاچرىمىغان بىرەرسى تېپىلارمىكىن .

م . گوركىي

پاكىتلاردىن مەنە چىقىرىشنى بىلىش كېرەك .

م . گوركىي

ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ئىپلاسلىق ، ھەقىقەتتىن قورقۇپ يالغان سۆزلەش قورقۇنچاقلىق .

ئو . گالىۋ

بىرەرنەرسىنى كۆپ تەكىتلەش ، ئۇنى قانۇنىي رەۋىشتە ئىسپاتلاپ بېرەلمەسلىك — ئەخمەق قىلىش دېمەكتۇر .

پ . بۇماشى

بوھتان قىلىچتىنمۇ مۇدھىشراق قورالدۇر ، چۈنكى بوھتان يارىسىنى ئۆمۈر بويى داۋالىغىلى بولمايدۇ .

گ . فىلدىڭ

# غەزەپ ، ئادالەت ۋە ھەقىقەت ھەققىدە

خەلق ئالىي ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنالىغان جەمئىيەتلا ئەركىنلىكنىڭ ھەقىقىي ماكانىدۇر .

تېستېرون

تاياق جاندىن ئۆتۈپ كەتكەندە جادىگەر ۋالا ئامىنىڭ ئىشىكىمۇ زۇۋانغا كېلىپ «ۋاي داد» دەپ تاشلىغان .

تەۋرات

بىز تۇرمۇشتا ئادىللىق ۋە ئادالەتنى ئىزدەشكە ئاتلىنىپ كەتتۇق ، ئادىللىقنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمىزنى ھېس قىلساق غەزەپلىنىمىز ، ئەندىشە قىلىمىز ياكى ئۈمىدسىزلىنىمىز ...

ۋايىن ۋدېر

ھەققانىيلىق — ھەممە ياخشى تۇيغۇلارنى بېرەلەيدۇ .

ژ . ژ . روسسو

ئەگەر سەن ھەقىقەتنى سۆزلىمەي ئۇنى يوشۇرساڭ ، مەجلىستە ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئۇنى سۆزلىمىسەڭ ، سەن ھەقىقەتكە خىيانەت قىلغان بولىسەن .

ژ . لوندون

پەقەت مۇھىم ئىشلاردا ھەقىقەتنى سۆزلەش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش كېرەك دەپ ئويلىما ، ئەڭ ئەرزىمەيدىغان ئىشلاردىمۇ يالغانغا يول قويما ، ھەقىقەتنى سۆزلەش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش لازىم . گەپ سېنىڭ ھەقلىقىڭ

سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئازتولا يامانلىق توغرىسىدا ئەمەس، مۇھىمى ئۆزۈڭنى ھېچقاچان يالغانچىلىق بىلەن بۇلغىماسلىقىڭ ھەققىدە كېتىۋاتىدۇ.

ل. ن. تولستوي

ۋاقتى سائىتى كەلگەندە، ھەرقانداق ھەقىقەت ئاشكارا كۆرۈنىدۇ.

مېناندر

ھەقىقەت ئورۇنلۇق ئىشلىتىلسە، ئۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ.

پلوتارىخ

ھەقىقىي ئىش توغرا بايان قىلىنىدىكەن، ئۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

پلوتارىخ ۱

ھەقىقەت ئەمەلىي ھەرىكەتتە مۇجەسسەملىنىشنى خالايدۇ. ھەرقانداق ئىش ھەقىقەت بولۇۋەرمەيدۇ، بىراق ھەقىقەت ئەمەلىي ئىشتا نامايان بولىدۇ.

م. م. پرشۋىن

ھەقىقەتنىڭ تەمى ئاچچىق، ئەمما ئۇ سالامەتلىكنى ياخشىلايدىغان ئاچچىق دورىنىڭ دەل ئۆزى.

ئۇ. بالزاك

ھەقىقەتنىڭ ئېگىلمەس بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ پەقەت بىر نەرسىنى دۇنياغا ئەركىن كۆز ئېچىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە خالايدۇ. قۇياشنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭسىزمۇ ئۇنى قاراڭغۇلۇقتىن پەرق ئەتتۈرگىلى بولىدۇ.

ت. پىن

ئەڭ ئاچچىق ھەقىقەت — تاتلىق يالغاندىن ھەر ۋاقىت ئەۋزەل .

ن . ئا . ئوستروۋىسكىي

ھەقىقەت گاھىدا ئىگىلىدۇ ، ئەمما ھېچ ۋاقىت سۇنمايدۇ . يالغانچىلىق خۇددى سۇ يۈزىدىكى ياغدەك يالغانچىنىڭ چىرايىدىن كۆرۈنۈپ قالىدۇ .

م . سېرۋانتىس

چىن ھەقىقەت تىرىك جانلىقلاردەك ياشايدۇ ۋە قاتتىق يەرنى يېرىپ چىققان باھاردىكى يېشىل مايسىدەك ئۆزىگە يول ئېچىپ ماڭىدۇ .

م . م . پرىشۋىن

ھەقىقەت — ئېتىقاد ۋە ئۈمىدلىرىمىزنىڭ مەنبەسى .

ئا . بارىيوس

ھەققانىي ياشا — ئەڭ ياخشى نەسىھەت شۇ .

م . سېرۋانتىس

ئەگەر سىز ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ، تۇپراققا كۆمسىڭىز ، ئۇ گەپ يوق ئۈنۈپ چىقىدۇ ۋە كېيىن شۇنداق كۈچكە ئايلىنىدۇكى بىر كۈنى يەرنى يېرىپ چىقىپ ، ئۆز يولىدا ئۇچرىغان ھەممە نەرسىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ .

ئې . زولا

ھەقىقەت قۇياشتەك پارلاق ، ئۇ تۇماندا قالىسىمۇ ، ئۆتكۈنچى ھال .

ك . بائوۋى

پەقەت ئىنساننى سۆيۈش ئارقىلىقلا ئادالەتپەرۋەر بولۇش مۇمكىن .

ل . ۋوۋېنارگ

ئادالەتسىزلىك قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ھەممىسى ئادالەتپەرۋەر ئەمەس ، ئادالەتسىزلىك قىلىش ئېھتىماللىقى بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان ئادەم ئاندىن ئادالەتپەرۋەر بولىدۇ .

مېناندىر

كامالەتكە ئىگە ئادەم ھەممە جانىۋارلاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ . ئەمما ئۇ قانۇن ۋە ئادالەتكە بويسۇنماي ياشىسا ، ھەممىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ . دەرھەقىقەت ئادالەتسىزلىكنى قورال قىلىۋېلىشتىن ئارتۇق دەھشەتلىك نەرسە يوق .

ئارىستوتېل

چەكسىز ئادالەت ۋە ئادالەتسىز كۈچنىڭ ھەر ئىككىلىسى دەھشەتلىكتۇر .

ج . جۇبېر

ئادالەتنىڭ ئىككى باش مەنبەسى مەۋجۇتكى ، بىرىنچىسى ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ، ئىككىنچىسى جەمئىيەتكە نەپ يەتكۈزۈش .

تېستېرون

ئادالەتسىزلىكتىن قېچىش ياخشىلىققا خاس ، يامانلىق بولسا ئۇنىڭدىن قاچمايدۇ .

كىلېۋۋول

ئادەملەرنىڭ ئادالەتنى سۆيۈشلىرى ئۇچۇن ئۇلارغا ئادالەتسىزلىكنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇش كېرەك .

ئا . سېمىت

ئادالەتپەرۋەرلىكنىڭ تۇنجى مېۋىسى ئادالەتلىك ئىش قىلغانلىقتىن مەمنۇن بولۇشتۇر .

ژ . ژ . روسسو

ئادالەت كۈچلۈك، كۈچ بولسا ئادالەت بولۇشى لازىم.

ب. پاسكال

ئادالەتلىك پىكىر قىلىش — ئەمەلدە ئادالەتلىك ئىش قىلدىغان دېگەنلىك ئەمەس.

ك. د. ئۇشىنسكى

ئادالەت — ھەقىقەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدۇر.

ژ. زوبېر

ئادالەت — ھەممە نەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويۇشنى بىلىشتە.

تېستېرون

سېخىي بولۇش بەك ئاسان، مۇھىمى — ئادالەتلىك بولۇشتا.

ۋ. گيوگو

ئادالەت تۈگىگەن جايدا كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھېچبىر نەرسە بولمايدۇ.

ئى. كانت

ئادالەتپەرۋەر ئادەمنىڭ ئەخلاقىي خىسلەتلىرى بىمالال قانۇن ئورنىنى باسالايدۇ.

مېناندىر

خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە ئۆزىگە خاس پەزىلىتى ئۇنىڭ ھەققانىيلىق تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭغا تەشنالىقىدادۇر.

ف. م. دوستويېۋىسكىي

ئۆز يېقىنلىرىڭىزغا نىسبەتەن جىددىي ئادالەتلىك بولۇشىڭىز لازىم، بۇنداق ھاللاردا سۇسلۇق قىلىش — ئادالەتسىزلىك بىلەن باراۋەر.

ج. لابريۇيېر

خەلق ھەققانىيەتكە مۇھتاج ، بەزىلەر ھەققانىيەت يولىدا كۈرەش قىلىدۇ . لېكىن ھەققانىيەتنى ياقلاش كۆپ ھاللاردا قىيىنغا چۈشىدۇ .

ۋايىن ۋىر

ئەگەر چىقسا ئادالەتنىڭ قۇياشى ،
تارالغاي ھەر ياققا نۇرى ، زىباسى .
ئەگەر زۇلۇم قىلسا زالىم بۇ زۇلۇمدىن ،
جاھان بولغاي قارا ، يوق ئىنتىھاسى .

ئابدۇراخمان جامى

ئىنسان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ مىزانى — ئادالەتلىك بولۇشى كېرەك .

ن . گ . چېرنىشېۋىسكىي

ئادالەت — ھايات ئۈچۈن ئاش ـ ناندەك زۆرۈردۇر .

ل . بېرنىي

ئادالەت — ھەممە پەزىلەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي پەزىلەتتۇر .

تېستېرون

كىشىلەر ئادىللىقتا تەشنا ، ئادىللىق بولمىسا خاپا بولىدۇ . ئادىللىقنى ئىزدەش سەۋەنلىك ئەمەس .

ۋايىن . ۋ . دىر

كۈنلەر ، ئايلار ، يىللار ، ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئادالەتسىزلىك ھادىسىلىرى يەنىلا مەۋجۇت . نامراتلىق ، ئۇرۇش ، ۋابا ، جىنايەت ، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە قاتىللىق قاتارلىق تۈرلۈك ئىپتىدائىي ئىللەتلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىۋېرىدۇ . ئەلۋەتتە بۇنداق ھادىسىلەر ئىنسانىيەت تارىخى پەيدا

بولغاندىن تارتىپ يوقىلىپ باققان ئەمەس .

ۋايىن . ۋ . دىر

ھەقىقەت تورىغا ھېچقانداق بىر كۆچ تەڭ كېلەلمەيدۇ .

ف . م . دوستويېۋىسكىي

ھەقىقەت — بەرداشلىقتۇر ، ئۇ ھەرقاچان قېرىمايدۇ ، ھەمىشە قىرانلىقچە تۇرۇۋېرىدۇ .

ژ . گيوگو

ھەقىقەتتىن يالغانچىلار ۋە ساختا گۇۋاھچىلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ .

گېراكلىت

ھەقىقەت — گۆھەرگە ئوخشاش ، ئۇنى بېزەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ، شۇڭا ئۇنى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان جايغا قويۇش لازىم .

ژ . سانتايانا

ھەقىقەت — جاسارەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، ھەقىقەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقىمۇ كىرىشتقا مىخلىنىشقىمۇ ئەرزىيدۇ .

م . م . پرىشۋىن

غەزەپ — ئاجىزلىقنىڭ قورالى .

س . سىگويور

غەزەپ — ئەقلى جايىدا ئادەمنىمۇ يەرگە ئۇرىدۇ .

بابرىي

قەيەردە ئاقىلانە دەلىل يېتىشمىسە ، شۇ يەردە ۋارقىراش - جارقىراش ھۆكۈم سۈرىدۇ .

ل . داۋىنچى

ئادەملەر ، ئىنسانپەرۋەر بولۇڭلار ، بۇ سىلەرنىڭ

بىرىنچى مەجبۇرىيىتىڭلار .

ژ . ژ . روسسو

ئادىللىق — ئىنساننىڭ ياخشى سۈپىتىدۇر .

ئەلىشىر ناۋائى

ھاياتنى سۆيۈش — ھەقىقەتنى سۆيۈش دېگەنلىكتۇر .

ر . كىننىت

يۇمشاق ھەقىقەت بولمايدۇ .

م . گوركىي

ۋەتەنگە تەئەللۇق مەسىلىدە ھەققانىي بولۇش لازىم . ھەر بىر پۇقرا ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك . ھەرگىزمۇ ۋەتەننىڭ نامىنى سېتىپ يالغان سۆزلەشكە ھەققى يوق .

ش . مونتېسكىي

ئۇششاق — چۇششەك ئىشلاردىمۇ ھەققانىي بولۇش كېرەك .

م . گوركىي

ھەقىقەتنى سۆزلەشنىڭ ئېپى كەلمىسە ئۇنىڭدىن «ئالداش مۇمكىن ئىكەن» دېگەن خۇلاسە چىقارماسلىق كېرەك . ھېس قىلغانلىرىم ۋە ئويلاۋاتقانلىرىمنى ھەر ۋاقىت ئېيتالماسلىقىم مۇمكىن ، ئەمما بۇ مېنىڭ سۆزلەشكە مەجبۇرلىقىمنى بىلدۈرمەيدۇ .

ۋ . لىكىنخىت

ھەققىقەت — تەڭداشسىز بايلىقىمىزدۇر . كېلىڭلار ، ئۇنى ئاۋايلاپ ئاسرايلى .

مارك . تۋېن

ئەگەر ھەقىقەت بىزگە نامەلۇم بىر ئىشنى

قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرسە ، ئۇ ھالدا ئۇ ئىشنى قىلماسلىقىمىز ياكى ئۇ ئىشتىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز لازىم .

ل . تولستوي

بارچە خەلققە مېھرىبان بول ، ئۇلۇغقىمۇ ، كىچىككىمۇ ئوخشاشلا ئادالەت قىل .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

نەدە ھەقىقەتكە مالامەت ياغدۇرۇلىدىكەن ، شۇ جايدا ئۇنى ھىمايە قىل .

ر . ئېمېرسون

بىز ھەقىقەتنى خالاپلا قالماي ، بەلكى ئۇنى تەن ئېلىشىمىز لازىم .

ن . بىخىر

# جاھالەت ، ياۋۇزلۇق ۋە زوراۋانلىق ھەققىدە

كىمكى قاتتىق قولللۇقنى قانۇندىن ئاشۇرۇۋەتسە ، ئۇ زوراۋاندۇر .

ل . ۋاۋېنارگ

كىمكى ياۋۇزلۇقنى كۆرۈپ تۇرۇپ ، ئۇنى جازالىمىسا ، ياۋۇزلۇقنىڭ سادىر بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن بولىدۇ .

لئونارد‍ۇ داۋىنچى

يۈزەكى ئادەم جاھالەتنى مەنىلىك ، ياۋۇزلۇقنى زەبەردەسلىك ، مەۋھۇملۇقنى چەكسىزلىك ، بىمەنىلىكنى تەسىرلىك دەپ قوبۇل قىلىدۇ .

ف . شىللېر

ئادەت كۈچىدەك دەھشەتلىك زالىم يوق ، ئادەم ئادەت پەرمانلىرىغا قارشى تۇرالمايدىكەن ، ئۇ ئەركىن بولالمايدۇ .

ك . بائوۋى

ئىنسان ئۈچۈن بىر زالىم بار ، ئۇ بولسىمۇ جاھىللىقتۇر .

ۋ . گيوگو

جاھالەت ھامىيلىرى ئەسلىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى .

گ . كىلۋېتسىي

جاھالەت ـ زۇلمەتتۇر ، ئۇنىڭدا ياۋۇزلۇق ھۆكۈم سۈرىدۇ .

ۋ . گيوگو

خۇراپات — جاھالەت مىۋىسىدۇر .

ئۇ . گېزلىتت

زوراۋان ۋە ھۆكۈمرانلىق ھەرقانچە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرسىمۇ ھامان مەغلۇپ بولىدۇ .

جىبران خىلىل جىبران

قاپىقىمنىڭ تۈرۈلگەنلىكى ، سۈرلۈك بولۇشۇم ، يۈز ـ خاتىرە قىلماسلىقىم ئالدىمغا كەلگەن زوراۋانلار ئۈچۈندۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن ھاسىل بولمىغان كۆپ ئىشلار سىلىقلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ . غەزەپ كەلتۈرگەن زىيان غەزەپلەنگەن كىشىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ .

ساپى

نۇر بار جايدا زۇلمەتكە يوق جاي ، كۈن چىققاندا كۆرۈنەمدۇ ئاي .

بەيھەقى

ياۋۇزلار ئۈچۈن ياۋۇز خەۋەر ئاڭلاشتەك يېقىملىق تەسكىن يوق .

ش .رۇستاۋېلى

رەھىمسىزلىك ۋە قورقۇنچ ھەمىشە بىر ـ بىرىنى قوللايدۇ .

سېنېكا

ياۋۇزلۇق ھەمىشە قولتۇق تايىقى بىلەن ماڭىدۇ .

م . م . پرشۋىن

بىرەرمۇ ياۋۇز ئادەم بەختلىك بولالىغان ئەمەس .

يوۋىنال

رەھىمسىز ئادەملەر خەلقنىڭ كۆلپىتىدىن تەسكىن بولىدۇ .

ۋاژاپشاۋېلا

شەپقەتسىزلىك جاسارەتكە ھەمراھ بولالمايدۇ .

م . سېرۋانتىس

قەھر - غەزەپ ئۆز نۆۋىتىدە ئىرادىسىزلىكتۇر .

چېخوف

ساخاۋەت نىقابى ئاستىدا ياۋۇزلۇق قىلىنمىغاندا ئىدى ، دۇنيادا بۇنچىلىك ياۋۇزلۇق بولماس ئىدى .

ئەبىر ئەشنىباخ

ياۋۇز ئادەملەرنىڭ ھاياتى ھەمىشە خاتىرجەمسىز ئۆتىدۇ .

د . دېدرو

توۋا قىلىش ياخشىدۇر ، لېكىن ياۋۇزلۇق قىلماسلىق ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى .

فىلوبىر

ئىنسانىيەتنىڭ بىرلا قۇلۇپى بار ، ئۇ - جاھالەتتۇر ، بۇ خىل كۆلپەتنىڭ بىردىنبىر داۋاسى - ئىلىمدۇر .

د . ئى . پىسارېۋ

خەلق بەختسىزلىكلىرى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ھەرقانداق ئادەم كۆلپەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يەر - يۈزىگە جاھالەتنىڭ ئېلىپ كەلگىنىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ .

گ .گىلۇتىسى

جاھالەت شۇنداق بىر ياۋۇز كۈچكى ، ئۇنىڭ ھازىرمۇ

كۆپلىگەن پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيمىز .

ماركس

# زالىملىق ۋە ئادەم تەربىيىلەش ھەققىدە

تەربىيە ياخشى تۇتۇلسا، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كۈچەيتىلسە، كادىرلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم ئۇنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

جياڭ زېمىن

باشقۇرۇش ياخشى تۇتۇلسا، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش كۈچەيتىلسە، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يوچۇقلارنى ئەتكىلى، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىغىلى بولىدۇ. بۇ كادىرلار ۋە ئاممىنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەربىيىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

جياڭ زېمىن

قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى بالىلاردىن باشلاش كېرەك، بۇ تەربىيىنى باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىمۇ ئېلىپ بېرىش كېرەك. ناتوغرا ئىشلارنى تۈزۈتۈشنى قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئىجتىمائىي ۋە تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك.

دېڭ شياۋپىڭ

سىلىق، يېقىملىق تىل بىلەن بويسۇندۇرغىلى بولمىغان

كىشىنى يامان تىل بىلەن تىخىمۇ بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ .

ئا .پ .چېخوف

بىچارە ئېشەك ئەقىلسىزدۇر ،يۇك كۆتۈرگىنى ئۈچۈن ئەزىزدۇر ، ئىشلەمچان ئۆكۈز ۋە ياكى ئېشەك ، زالىم كىشىدىن ياخشىدۇر بى شەك .

سەئىدى شىرازى

زۇلۇم بولغاچقا ئۇ قىلىچنىڭ ئىشى ، بېشىنى پەسكە سېلىپ يۈرىدۇ كىشى .

خۇسراۋ دېھلىۋى

كىم بىراۋ باغرىنى زۇلۇم قىلدى ، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى يارىدار قىلدى .

پەرىدىددىن ئەتتاز

پاسىقتىن هايا تىلىمە ،زالىمدىن ۋاپا .

ئەلىشىر ناۋائى

ئىت ئالا ئىرور مەردۇ مازاردىن ،
كىشىلەر قىينىغۇچى زالىم مەككاردىن .

سەئىدى شىرازى

ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ياخشىلارنى مۇكاپاتلاش ، ناچارلىرىنى جازالاش ، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئائىلە تەربىيىسىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇشتەك ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم .

دىڭ شياۋپىڭ

پەزىلەت ئۇلگىسى بىلەن ئادەم تەربىيىلەش ، قانۇن بىلەن چەكلىگەندىن ئەۋزەل .

خاراباتى

جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتا قانۇنىي جازا ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپلا قالماي ، قاراتمىلىقى بولغان ئىدىيىۋى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ، ئۇلارنى قانۇن بويىچە ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك .

دېڭ شياۋپىڭ

ئادىل بول ، توغرا ئىش قىل ،توغرا ھەرىكەت قىل ، شۇنداق قىلساڭ ، يامانلار ، ئەگرىلەر قايىل بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

责任编辑：吐尔逊·玉苏甫
责任校对：再吐娜古丽·艾则孜
封面设计：阿力甫·夏

名人关于法律和犯罪的名言 （维吾尔文）

艾克拜尔·加怕尔 编著

新 疆 科 技 卫 生 出 版 社 （K） 出 版
（乌鲁木齐市延安路21号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 乌鲁木齐新协印务有限公司印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 印张3.875
2000年9月第1版 2000年9月第1次印刷
印数：1 — 5000

ISBN 7—5372—2511—7/D·4（民文） 定价：6.50元

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ



ISBN 7-5372-2511-7

ISBN 7-5372-2511-7
D·4(民文)定价: 6.50元